بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ
وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللّٰهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

المسلم الصيني




3
2015

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة
ئۇنىۋېرسال ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيەت ژۇرنىلى

www.uyghurkitap.com



2015 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، مۇسابىقىلەرنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جارۇللا ھسامىدىن قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى.



2015 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، 10 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز - تەبلىغ مۇسابىقىسى ۋە 11 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.



رەھبەرلەر مۇسابىقىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ماھىرلارغا تەقدىرنامە تارقاتماقتا.



مۇسابىقىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدىن بىر كۆرۈنۈش



قۇرئان تىلاۋەت مۇسابىقىسىدە ئەلنىياز ئەلى قارىي 1 - لىككە ئېرىشتى.



ۋەز - تەبلىغ مۇسابىقىسىدە ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسىدىن: ئابدۇۋاھاپ رەھمان 1 - لىككە ئېرىشتى.



ۋەز - تەبلىغ مۇسابىقىسىدە نىڭشيالىق ماھىر ياڭ جىنبو 1 - لىككە ئېرىشتى.



مۇسابىقە مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش



مۇسابىقىگە ئىشتىراك قىلغان ئېتىقادچى ئامما مۇسابىقىنى ئەستايىدىل ئاڭلىماقتا.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى يۈنۇس، رامىزان تارتقان)

# 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسى ۋە 11 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2015 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن «ئوتتۇرھال يول تۇتۇش، ئىناقلىق، جۇڭگو ئارزۇسى» تېمىسىدىكى 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسى ۋە 11 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى(20 يىللىق خاتىرە مۇسابىقىسى) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھىرى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدا ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 20 نەپەر مۇنەۋۋەر ۋەز ـ تەبلىغچى ۋە 25 نەپەر مۇنەۋۋەر قىرائەتچى بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتناشتى.

مۇسابىقىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇختەر ھەسەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى بەدرىددىن گو چېڭجېن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرىم، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇرەقىپ تۆمۈرنىياز قاتارلىقلار قاتناشتى.

ئادىل ھاجى كېرىم ئېچىلىش نۇتقىدا مۇنداق دېدى: ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەملىكەتلىك ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسى ۋە قىرائەت مۇسابىقىسىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسەت شۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرھال يول تۇتۇش ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، تىنچلىق، كەڭ قورساقلىق، مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇش قاتارلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي روھىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى توغرا چۈشىنىشكە پائال يېتەكلەش، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرھال يول تۇتۇش ئىدىيەسىنى تېخىمۇ كەڭ تەشۋىق قىلىش، بايرىقى روشەن ھالدا ئەسەبىي ئىدىيەلەرگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇ: مەملىكىتىمىزدىكى ئاخۇن، موللىلاردىن شەرىئەت كىتابلىرىنى ياخشى ئوقۇش، شەرىئەتنى ياخشى چۈشەندۈرۈش، مۇسۇلمانلارنى توغرا ئېتىقاد يولىغا يېتەكلەش، مەدەنىي ئىش قىلىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرگە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشى جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.

مۇختەر ھەسەن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسى ۋە 11 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلۈشى دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىنى توغرا ئېتىقاد، توغرا پائالىيەت يولىغا يېتەكلەش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى ئۈنۈملۈك چارە. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە پائالىيىتى شىنجاڭنىڭ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش، شەرىئەتنى توغرا سۆزلەش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. شىنجاڭ بۇ مۇسابىقە پائالىيىتىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك ئومۇمىي نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ قوللاپ، ۋەز ـ تەبلىغ ۋە قىرائەت مۇسابىقىلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرھال يول تۇتۇش ئىدىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىن ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئېچىلىش مۇراسىمىغا مەملىكىتىمىزنىڭ بىر قىسىم ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى، شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى ۋە شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ 200دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. (ھاجى بارات رەجەپ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

المسلم الصينى

# مۇندەرىجە

## ئالاھىدە خەۋەرلەر

10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسى ۋە 11 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرئان تىلاۋەت مۇسابىقىسى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى ... (1)

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش — ئىسلام ئۈممەتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر ..........ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد(4)

## قۇرئان كەرىم تەپسىرى

ئۇ پەقەت رەھمەت ئەلچىسى — سۈرە «ئەنبىيا» 107 ـ ئايەتنىڭ قىسقىچە تەپسىرى .......... شىھابىددىن ئابدۇلئەھەد(14)

## قۇرئان كەرىم تەتقىقاتى

ئىمان كەلىمىسى توغرىسىدىكى بىر ئايەت ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە .......... مۇھەممەدجان تىلىۋالدى(17)

## رەھمەت پەيغەمبىرى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇئالىرىدا پاناھ تىلىگەن ئىشلار .......... ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس(21)

## ۋەز-تەبلىغ

بىراۋغا خالىغانچە ھۆكۈم قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋىتى .......... تاھىر قادىر(28)

رەسۇلۇللاھ ۋەتىنىنى سۆيەتتى، يۇرتىنى سۆيەتتى .......... ئالىمجان ئابدۇراخمان(34)

## ئەخلاق-پەزىلەت

ئىسلامدا يېتىمغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا .......... ئەمەتجان ئابلىمىت(37)

پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ..... ئابدۇقادىر ئابدۇللا(41)




**جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى**
**中国穆斯林**
(پەسىللىك ژۇرنال ئومۇمىي 116 ـ سان)
（季刊　总第116期）

**پەخرىي باش مۇھەررىر:** شەمشىددىن ھاجى
**باش مۇھەررىر:** ئادىل ھاجى كېرىم
**مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:** ھاجى بارات رەجەپ
**مۇھەررىرلەر:** مۇھەممەدئابدۇللا ئۆمەر
مۇھەممەدئىمىن مەخمۇت
**گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى، تېخرىداكتور:**
شەمشىنۇر ھوشۇر

**名誉主编**：夏米西丁·哈吉
**主编**：阿地里江·阿吉克力木
**副主编**：巴拉提·拉吉甫
**编辑**：买买提阿布拉·艾买尔
买买提明·买合木提
**美编、排版**：夏美希努尔·吾守尔

刊号 ISSN1007－5836 : خەلقئارالىق نومۇرى
CN11－1346/B :دۆلەت ئىچى نومۇرى
邮发代号 : 58—167 :پوچتا ۋاكالەت نومۇرى
E-mail: hedayet@126.com
جەمئىيىتىمىز ئۇيغۇرچە تور بېتىگە قەدەم تەشرىپ قىلىڭ:
http://uyghur.chinaislam.net.cn

CHINA MUSLIM

# مۇندەرىجە

## ئىسلام دىنى ۋە ئائىلە

ئائىلە ۋە ئائىلە كىرىزىسى توغرىسىدا ئىزتىراپلىق ئويلار ............
............... ئابدۇمىجىت مۇھەممەد، ئابدۇۋاھىد خۇدابەردى(46)

## ئىسلام بىلىم گۈلزارى

ئىجتىھاد ۋە پەتىۋا ھەققىدە سوئال-جاۋابلار ....................
.......................ئابدۇقاھار مەخسۇت(56)

ئىسلام لۇغىتى ...........................(20، 27، 45)

## مەسچىت-مەدرىسلەر

يېڭىشەھەر دەرۋازا ئالدى جامە مەسچىتىنىڭ تارىخى ...............
......................ئاباس قارى ھاجىم(57)

## خەۋەرلەر

10-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ۋە 11-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرئان تىلاۋەت مۇسابىقىسى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى.....(61)

تۈركىيە زۇڭتۇڭى ئەردوغان مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن كۆرۈشتى................................(61)

جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى 2015-يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش ۋە ئۇنۋان تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى........................(62)

2015-يىللىق ھەج تاۋاپ يېتەكچى خادىملىرى ۋە يېتەكچى دىنىي زاتلار كۇرسى يىنچۇەندە ئۆتكۈزۈلدى. ......................(63)

"خەيرلىك رامىزان"— جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە ماشىنا ئىئانە قىلىش مۇراسىمى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.........................(64)

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: مەككە شەھىرى ھەرەم مەسچىتى ئىچى

بۇ سان 2015-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغا تەۋە. ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسلەرنىڭ رۇخسىتىمىزنى ئالماي تۇرۇپ، ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ياكى باشقىچە ئۇسۇلدا ئىشلىتىشى مەنئى قىلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

2015
3

**مەسئۇل ئورۇن:** دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى
**باشقۇرغۇچى:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
**تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى:** «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ خوڭۋېي شۋاڭخۇا باسما چەكلىك شىركىتى
**مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:**
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
**ئادرېس:** بېيجىڭ شەھىرى شىچېڭ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 100053
**تېلېفون نومۇرى:** 59313090, 59313021 (010)
**شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:**
ئۈرۈمچى شەھىرى خېيلۇڭجياڭ يولى 280-قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830002؛
**ئالاقىلەشكۈچى:** مۇھتەرەم شىرىپ، ئىسكەندەر
**تېلېفون نومۇرى:** 5508069 (0991)
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ(بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)

主管单位：国家宗教事务局
主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷：北京宏伟双华印刷有限公司
订阅、发行：全国各地邮局，乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维编部
地址：北京市西城区南横西街 103 号
邮编：100053
电话：(010) 59313090，59313021
新疆发行站：乌鲁木齐市黑龙江路 280 号
邮编:830002　电话：(0991) 5508069
联系人：木哈提然木·西日甫，斯坎旦尔
国外发行：中国国际图书贸易公司
(北京 399 信箱)



# ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش — ئىسلام ئۈممەتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر

ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھاياتلىق ئالەمدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان قارىمۇقارشى ئىككى خىل ئىدىيەۋى خاھىش ھېسابلىنىدۇ.

ياخشىلىق — تەسىرگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى خۇشاللىققا ئىگە قىلىدىغان ھەرىكەتتۇر.

يامانلىق — ئىجرا قىلغۇچىنىڭ شەخسىيەتچىل ئىدىيەسى تۈپەيلىدىن ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ باشقىلارغا زىيان سالىدىغان، ئاخىرىدا بۇ ئىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچىنىمۇ پۇشايمان، نادامەتكە قالدۇرىدىغان ھەرىكەتتۇر.

ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى رەببىمىز ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئارىسىدىكى زىيانلىق قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇپ، كىشىلەرنى ياخشى يوللارغا باشلاش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن. ئاشۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، سەردارى، ئالەملەرنىڭ نۇرى، بەخت ۋە ھىدايەتكە يېتىشنىڭ ۋاستىچىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئاللاھنىڭ ھۆرمەتلىك، ئەزىز بەندىسى بولغان بۇ زات ھەممىنىڭ ئىگىسى رەببىمىز ئاللاھ تائالانىڭ ئىلاھى ۋەھيىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئېسىل خۇلقى-پەزىلىتى ئارقىلىق ئۈممەتلىرىنى ياخشىلىق يوللىرىغا يېتەكلەپ، بارلىق زىيانلىق، رەزىل قىلمىشلاردىن توسقان ھەمدە بۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئىسلام دىنىمىزنىڭ يادرولۇق مەقسىتى، ئەھلى ئىسلامنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۈممەتلىرىگە ئۈلگە بولۇپ كۆرسەتكەن. پۈتكۈل ئالەمنى پەرۋىش قىلغۇچى رەببىمىز ئاللاھ تائالا ئىلىم-ھېكمەت خەزىنىسى بولغان كالامى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "**ئۇلار ئەلچىگە — ئۈممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سېلىنغان تاقاق، كويزا-كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ(يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار،**

ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

**ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر(يەنى قۇرئان)غا ئەگەشكۈچىلەر بەختتە ئېرىشكۈچىلەردۇر“** {سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 157 ـ ئايەت}؛ **”(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر“** {سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 110 ـ ئايەت}.

يۇقىرىقى ئايەت كەرىمەدىن شۇنداق ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن مۆئمىن مۇسۇلمانلاردا ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتەك مەجبۇرىيەتنىڭ بولىدىغانلىقى، بۇ خىل مەجبۇرىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈممەتنىڭ خاراكتېرى ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، يەككە ـ يېگانە، شېرىكسىز ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا چىن دىل بىلەن ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇ زاتقا ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىبادەت قىلىش، قەتئىي شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بۇيرۇغان ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاش بىلەن بىللە باشقىلارنىمۇ گۈزەل، ئارامبەخش مەنزىللەرگە يېتەكلەش؛ توغرا ـ ئادىللىقنى تەۋسىيە قىلىش، سەۋر ـ تاقەتكە، مېھىر ـ مۇھەببەتكە، يېقىملىق خۇلق ـ خاراكتېرگە ئۈندەپ، كىشىلەرنى بىزار قىلىدىغان ئەخلاقسىزلىق قىلمىشلارغا دادىل قارشى تۇرۇش ھەقىقىي تەقۋادار مۇسۇلمانلىقنىڭ مۇقەددەس ئۆلچىمىدۇر.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىرەر يامانلىقنى كۆرسە ئۇنى قولى(ئەمەلىي ھەرىكىتى) بىلەن توسسۇن، ئۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىسا، ئۇنى تىلى بىلەن(سۆزلەش ئارقىلىق) توسسۇن، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، ئۇ ئىشقا قەلبىدە بولسىمۇ نارازى بولسۇن، قەلبىدە نارازى بولۇش ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز ھالىتىدۇر“**(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بۇيرۇغان ئەمرى ـ پەرمانىدۇر، ئاللاھ تائالا بەندىلەر ئۈستىگە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن ھەق ـ ئامانەتتۇر. ئۇ يەنە رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەت ـ تەۋسىيەسى بولۇپ، مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئىززەت تاجى، دەۋەت مەقسىتىدۇر. جۈملىدىن ئۇ، ئاللاھ تائالانىڭ تەۋپىق ـ رەھمىتى بولۇپ، ئەقىدىۋى خاتالىقلاردىن، بەد پېئىل رەزىللىكلەردىن ساقلىنىشنىڭ مۇستەھكەم قالقىنىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: **”پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا(يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار(يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ“**{سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە)، 125 ـ ئايەت} دەپ، كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەشتە قايىل قىلارلىق ھەم سىلىق ئۇسۇل قوللىنىش كېرەكلىكىنى بۇيرۇغان. ئاللاھ تائالا يەنە: **”سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر“** {سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 104 ـ ئايەت}: **”ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھ(نىڭ ئازابى)دىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق“**{سۈرە«مائىدە»(5 ـ سۈرە)، 2 ـ ئايەت} دەپ بۇيرۇپ، بەندىلىرى ئارىسىدا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ياخشى ئىشلارغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، مەدەت بېرىپ قوللايدىغان كىشىلەرنىڭ ئىزچىل بولۇشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ يەنە: **”ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا(يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن(يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)“**{سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 199 ـ ئايەت} دېگەنلىكىدىن ياخشىلىققا بۇيرۇش يولىدا ئۇچرىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن كەچۈرۈش پوزىتسىيەسىدە بولۇشنىڭ كېرەكلىكىنى ئېنىق

كۆرۈۋالالايمىز. ئايەتتىكى يەنە بىر ھېكمەت شۇكى، ئەقىللىك، بىلىملىك، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان ئادەم نادان، جاھىللارنىڭ نېمە سەۋەبتىن جاھىللىق قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەخمەقلەردەك ئەخمەق بولۇپ يۈرمەيدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەر توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىنى ئېسىمدە: ئۇ پەيغەمبەرنى ئۆز قەۋمىنىڭ ئادەملىرى ئۇرۇپ، يۈزلىرىنى قانغا بويىۋەتكەن، ئۇ يۈزىدىكى قاننى سۈرتۈپ تۇرۇپ: **"ئى ئاللاھ! قەۋمىمنى كەچۈرگىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ"** دېگەنىكەن (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىمكى بىر ئادەمنى ياخشىلىققا دالالەت قىلسا، ئۇ ئادەمگە شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىغا بېرىلگەن ساۋابقا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ"** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: **"ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ تائالانىڭ سەن ئارقىلىق بىر كىشىنى ھىدايەت قىلغىنى سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشىراقتۇر (چۈنكى قىزىل تۆگە ئەرەبلەردە ئەڭ ئېسىل مال ھېسابلىناتتى)"** دېگەن (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقى دەلىللەردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، ھەركىم قىلالايدىغان ھەم مول ئەجىر ـ ساۋابقا ئىگە بولىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەل ـ ئىبادەتتۇر.

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئىسلام شەرىئىتىمىزدە كۆرسىتىلگەن، كىشىگە ئېلىپ كېلىدىغان پەزىلەتلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ بولۇپ، تۆۋەندە گەۋدىلىك بولغان بىر قانچىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز:

**1**. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش كۆپ ئەجىر ـ ساۋابقا ئىگە قىلىدىغان ئەمەل ـ ئىبادەت بولۇپ، بۈيۈك ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئاساسى ھەم ماھىيەتلىك مەقسىتىدىندۇر.

تەمىم ئىبنى ئەۋس دارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"دىنىنىڭ ئاساسى نەسىھەتتۇر"** دېگەن (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشىلىققا يېتەكلەپ، ئىككى دۇنيالىق زىيانلىق قىلمىشلاردىن توسۇش يۇقىرىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى ھەدىسىدىكى "نەسىھەت" سۆزىدە كامالى ئىپادىسىنى تاپقان.

**2**. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش شۇنداق بىر ئىلاھى بۇيرۇقكى، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ، ساھابە كىراملارنىڭ، ئىزباسار ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ھەمدە بارلىق مۆئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ پەزىلەت ـ خىسلىتىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ؛ ئەنە شۇلار ياخشىلاردىندۇر. ئۇلار ھەرقانداق ياخشىلىقنى قىلسۇن، ئۇ بىكار كەتمەيدۇ. ئاللاھ تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3 ـ سۈرە)، **114** ـ، **115** ـ ئايەتلەر}.

ئاللاھ تائالا "ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى" دەپ تەرىپلىنىدىغان نۇھ ئەلەيھىسسالام تىلىدىن بەرگەن خەۋىرىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: **"مەن سىلەرگە ئىشەنچلىك نەسىھەتچىمەن"** {سۈرە «ئەئراف» (7 ـ سۈرە)، **68** ـ ئايەت}.

جەرىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ھەربىر مۇسۇلمانغا نەسىھەت قىلىش جەھەتلەردە بەيئەت قىلدىم (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). دېمەك، نەسىھەت قىلىش، يەنى كىشىلەرنى ياخشى يوللارغا باشلاش مۇسۇلمانلارنىڭ پەرز ئەمەللىرى قاتارىدىكى ساۋابى مول ئەمەل ھېسابلىنىدۇ.

**3**. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاچقۇچى، تىنچ ـ ئەمىن تۇرمۇش كەچۈرىشىمىزنىڭ كاپالىتى،

ئاللاھنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىلارغا تەييارلىغان ئازابىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بەندىلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **"زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر"**{سۈرە«ئەسىر» (**103** ـ سۈرە)، **1**ــ**3** ـ ئايەتلەر}.

بۇ ئايەتلەردىن ئايانكى، توغرا نىيەت ـ ئىقبالىغا ئىگە بولمىغان ھەم باشقىلارنىمۇ توغرا مەيدانغا چاقىرىش ئىستىكى بىلەن ياشىمىغان كىشىلەرنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ھەسرەت ـ نادامەتكە قېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

**4**. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش مېھرىبان ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان تائەت ـ ئىبادەت بولۇپ، ئىمان ـ ئېتىقادنىڭ ھەربىر مۇئمىن مۇسۇلماندا ھەر ۋاقىت پارلاپ تۇرۇشى ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇتتەقىيلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت، ھەقىقەتنىڭ نۇرى، ھەممىگە يول كۆرسەتكۈچى نۇرلۇق چىراغ، تەشنالار بۇلىقى بولغان كالامى قۇرئان كەرىمدە: **"مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار(كىشىلەرنى)نى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى(تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر"**{سۈرە«تەۋبە» (**9** ـ سۈرە)، **71** ـ ئايەت} دەپ كۆرسىتىپ، ھەربىر مۇئمىن ئەر ـ ئايالنىڭ ئىتائەت قىلىش، تائەت ـ ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتىن باشقا يەنە باشقىلارنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇشىنىڭمۇ ئىلاھى ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەن.

**"مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر..."** دەپ، ئارىمىزدىكى بىرلىك، ھەمكارلىقنىڭ ئىشلارنى تۈزەشتە تېخىمۇ مۇھىملىقىنى، يەنە مۇشۇنداق ھەمكارلىق بىلەن كۆڭۈللۈك ئىشلارنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى بەندىلىرىگە كۆرسىتىپ بەرگەن. **"ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ"** دەپ، بۇ ئىشلارنىڭ ياخشى نەتىجىسىدىن ئۇلارغا بېشارەت بەرگەن.

**5**. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئىسلام شەرىئىتىمىزدە بەلگىلەنگەن ئەمەللەر ئىچىدە كۈچلۈك تەكىتلەنگەن پەرزدۇر. ئەڭ زۆرۈر ۋاجىب ئەمەلدۇر. ھەقىقەتەن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەجبۇرىيەتتۇر. چۈنكى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش پۈتكۈل ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى ۋە مۇكەممەللىككە ئىگە بولۇشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئاساستۇر. تېخىمۇ مۇھىمى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل خاراكتېر مۇئمىن مۇسۇلمانلارنى ئىككى دۇنيادا توسالغۇسىز ھەقىقىي خۇشاللىققا مۇيەسسەر قىلىدۇ. ئەكسىچە، بۇ مەسئۇلىيەتكە سەل قاراپ، ھەممىنىڭ ئۆز نەپسىنىڭ كويىدا بولۇشى؛ ئاشكارا ـ يوشۇرۇن قەبىھ ئىشلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ئاللاھ تائالانىڭ بالا ـ قازاسىنىڭ چۈشۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

ئۈممەتلىرىنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان ئىمان ـ ئېتىقادقا دەۋەت قىلغۇچى، ئۇلارغا بەكمۇ كۆيۈمچان يول باشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت شەرەپ ۋە ئەجرى ئۈستۈن بولغان بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلمىغانلىقتا ياكى سۈس قاراشقا بېرىلىدىغان جازانىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: **"مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات(يەنى ئاللاھ تائالا) بىلەن قەسەمكى، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشۇڭلار كېرەك. ئۇنداق قىلمىساڭلار پات يېقىندا ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۆز تەرىپىدىن بىر بالا ـ قازا ئەۋەتىدۇ، ئۇ چاغدا دۇئا قىلساڭلار دۇئايىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ"**(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۇبارەك ھەدىس شەرىفنىڭ مەزمۇنى قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ ئايەتنىڭ ھۆكمىنى روشەن شەرھلەيدۇ: **"سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا-قازادىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر"**{سۈرە«ئەنفال»(**8** ـ سۈرە)، **25** ـ ئايەت}.

**6**. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش

**يەتكۈزەلمەيدۇ**‹{سۈرە«مائىدە» (5 ـ سۈرە) ، 105 ـ ئايەت} دېگەن بۇ ئايەت كەرىمەنى ئوقۇيسىلەر. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: **‹‹ئەگەر كىشىلەر زۇلۇم قىلغۇچىنى كۆرۈپ، زۇلۇمنى توسمىسا، پات ئارىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىغا ئورتاق كېلىدىغان ئازابنى چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ››** دېدى( ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان) .

يۇقىرىقى ھەدىستىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، مۇئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرۋاقىت ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ ، يامان ئىشلاردىن توسۇشنى ئادىتىگە ئايلاندۇرۇشى ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە مەسئۇل بولۇشى ، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشى ، نەسىھەت قىلىشى تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ ، شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارغا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ ، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنىڭ بارلىق ئادەملەرنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىش مەجبۇرىيىتى زىممىسىدىن ساقىت بولمايدۇ .

ياخشىلىق قىلىش ، يامانلىقنى تەرك ئېتىش كىشىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلايدۇ . ئەمما يامانلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئاللاھنىڭ قاتتىق جازاسىغا مۇپتىلا بولىدۇ .

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **‹‹كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب(يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر؟››**{سۈرە «بەقەرە»(2 ـ سۈرە) ، 44 ـ ئايەت} ؛ **‹‹ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟(يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى(قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ(كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)››**{سۈرە«سەپ»(61 ـ سۈرە) ، 2 ـ ، 3 ـ ئايەتلەر} .

ئەبۇ زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: **‹‹قىيامەت كۈنى بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچەيلىرى قورسىقىدىن ساڭگىلاپ قالغان بولىدۇ. ئۇ ئادەم خۇددى ئېشەك تۈگمەننى چۆرگۈلىگەندەك ئۈچەي باغرىنىڭ ئەتراپىنى چۆرگۈلەپ تۇرىدۇ. دوزاخ ئەھلىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ: ‹ئى پالانى! ساڭا نېمە بولدى؟ سەن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توساتتىڭغۇ؟› دەيدۇ. ئۇ كىشى: ‹شۇنداق، مەن ياخشىلىققا بۇيرۇيتتۇم-يۇ، ئۆزۈم قىلمايتتىم ۋە يامانلىقتىن توسۇيتتۇم-يۇ، ئۆزۈم قىلاتتىم› ››** دەيدۇ (بۇخارى ، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) .

بۇ ئايەت ، ھەدىسلەردىن ياخشىلىققا بۇيرۇپ ، يامانلىقتىن توسقۇچىنىڭ ئۆز ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە مۇتلەق پاك بولۇشىنىڭ بەكمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .

تۆۋەندە ئىسلام شەرىئىتىمىزدە ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىلارغا قويۇلىدىغان زۆرۈر شەرت ـ تەلەپلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1 .چۈشىنىپ ، قوبۇل قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئىلمى ، ئەقلى ۋە ئەمەلى ئىقتىدارىغا يارىشا سۆز قىلىش لازىم . ئاللاھ تائالا جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ نازىل قىلغان دەستۇرىمىز قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **‹‹پەيغەمبەرنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت(ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى) چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتۇر››**{سۈرە«ئەنكەبۇت»(29 ـ سۈرە) ، 18 ـ ئايەت} ؛ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ئوچۇق ، ئېنىق سۆزلەيتتى ، ئاڭلىغانلىكى ئادەم چۈشىنەلەيتتى››( ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان) .

2 .نەسىھەت قىلغۇچى ۋەز ـ نەسىھەت قىلغاندا ، كىشىلەرگە بەكرەك تەسىر قىلىشى ۋە ئۇزاققىچە ئۇنتۇلماسلىقى ئۈچۈن قايىل قىلارلىق ، تەسىرلىك مىساللارنى كەلتۈرۈپ ، ئومۇمىي مەقسەتنى مەركەزلىك ئىپادىلەش لازىم . ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **‹‹ھەقىقەتەن ياخشى ھەمراھ بىلەن يامان ھەمراھنىڭ مىسالى ئىپار ساتقۇچى بىلەن تۆمۈرچىگە ئوخشايدۇ. ئىپار ساتقۇچىغا كەلسەك، ئۇ ياكى ساڭا ئىپاردىن بېرىدۇ، ياكى ساڭا سېتىپ بېرىدۇ، ياكى ئۇنىڭ خۇش پۇرىقىنى پۇرىۋالىسەن. تۆمۈرچىگە**

**كەلسەك، ئۇ ياكى كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ، ياكى ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقىنى پۇرايسەن**"(بۇخارى ، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) .

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**مەن بىلەن سىلەرنىڭ مىسالىڭلار بىر كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇكى، ئۇ كىشى ئوت ياققان، ھاشاراتلار ۋە پەرۋانىلەر ئۇ ئوتقا ئۆزلىرىنى ئېتىۋاتقان، ھالبۇكى ئۇ كىشى ئۇلارنى ئوتتىن توسۇۋاتقان. مەن بولسام ئوتقا چۈشۈپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن بېلىڭلارنىڭ تۆۋىنىدىن تۇتۇۋېلىۋاتىمەن، سىلەر بولساڭلار قولۇمدىن چىقىپ كېتىۋاتىسىلەر**"( مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) .

3 .كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى بەلگىلىك ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىسى ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشكە ماھىر بولۇشى لازىم . ئۇ، بۇ ئىلىم ـ ماھارىتى ئارقىلىق يامان ئىش ئۈستىدىكىلەرنى تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا قايتىسىلا ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ قىلىپ سالغان گۇناھلىرىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغانلىقىغا قايىل قىلىپ ، ئۇلارنى كەلگۈسىدىن ئۈمىدۋار بولۇشقا يېتەكلەش لازىم . ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ئىلىمنى كىشىلەردىن يۇلۇپ ئالغاندەك ئالمايدۇ، بەلكى ئالىملارنى قەبزى روھ قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئاللاھ تائالا بىرەر ئالىمنىمۇ قويمىغاندا كىشىلەر ئۆزلىرىگە نادانلارنى باشلىق قىلىۋالىدۇ-دە، ئۇلاردىن سورالسا، بىلمەي تۇرۇپ پەتىۋا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمۇ ئازىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ**"(بۇخارى ، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) .

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**مېنىڭ سۆزلىرىمنى گەرچە بىرەر ئايەت بولسىمۇ باشقىلارغا يەتكۈزۈڭلار، بەنى ئىسرائىل ھەققىدىكى سۆزلەرنى نەقىل قىلىڭلار. كىمكى مەن دېمىگەن سۆزنى يالغاندىن مېنى دېدى، دېسە، ئۇ ئادەم جايىنى دوزاخ دەپ بىلسۇن**"( بۇخارى رىۋايەت قىلغان) .

مەسرۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، بىز ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدنىڭ قېشىغا كىردۇق . ئۇ: "**ئى كىشىلەر! بىلگەن ئادەم بىلگىنىنى دېسۇن ۋە بىلمىگەن ئادەم زورۇقماي ئاللاھ بىلىدۇ، دېسۇن، ئۇنداق دېيىش شۇ كىشىنىڭ بىلىملىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە: 'ئېيتقىنكى، (ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن(قۇرئاننى) ئېيتىرا قىلغۇچىلاردىن (يەنى يالغاندىن توقۇغۇچىلاردىن) ئەمەسمەن**'{سۈرە «ساد»(38 ـ سۈرە) ، 86 ـ ئايەت} دېدى"(بۇخارى رىۋايەت قىلغان) .

يۇقىرىقى سەھىھ ھەدىس شەرىفلەردىن ئىلىمدە ۋە پەتىۋا بېرىشتە پەقەت ئەتراپلىق ، پۇختا ئىلىمگە ئىگە بولغانلارلا سۆز ئېچىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ، بىر قىسىم مەسىلىلەرنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغانلىقى بىلەن ئىلىم ئەھلىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .

4 .نەسىھەت قىلغۇچى كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىش جەريانىدا تارتقان ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشى ، ھەمدە ئاچچىقلىنىش ، غەزەپلىنىشتىن ساقلىنىشى كېرەك . ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "**(ئى مۇھەممەد!) (ئاللاھنىڭ يولىدا ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، سەۋرەڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ(ئىمان ئېيتمىغانلىقى)غا قايغۇرمىغىن، ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسىدىن يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر**"{سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە) ، 127 ـ ، 128 ـ ئايەتلەر} ; "**ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى(ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى)ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن(چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر**"{سۈرە«لوقمان»(31 ـ سۈرە) ، 17 ـ ئايەت} .

5 .ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچى چوقۇم كەمتەر ، كىچىك پېئىل ، سەممىي ، سادىق بولۇشى ، رىياكارلىق ، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە ھاكاۋۇرلۇقتەك گۇناھلىق خاراكتېرىدىن ساقلىنىشى لازىم . ئاللاھ

تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: “**كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ**” {سۈرە «لوقمان» (31 ـ سۈرە)، 18 ـ ئايەت}.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: “**قەلبىدە زەررىچىلىك تەكەببۇرلۇق بار ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ**” دېدى. بىر ئادەم: “ھەقىقەتەن كىشى ئۆزىنىڭ كىيىمى ۋە ئايىغىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدىغۇ؟” دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: “**شۈبھىسىزكى، ئاللاھ گۈزەلدۇر. گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ. تەكەببۇرلۇق دېگەن ھەقنى ئىنكار قىلىش ۋە كىشىلەرنى كەمسىتىشتۇر**” دېدى (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: “**كىمكى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىلىمنى دۇنيالىق غەرەز ئۈچۈن ئۆگەنسە، قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇرالمايدۇ**” (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

6. ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچى ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، دىن ـ دىيانەتلىك، تەقۋادار، پەرھىزكار بولۇشى؛ كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلغاندا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇلايىم مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ ئەپۇ دەرۋازىسىنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكى بىلەن ئۈمىد بېغىشلىشى، قەلبلەرنى ھەققە مايىل قىلىش ئۈچۈن ئومۇمىي مەنپەئەتنى ئويلايدىغان، يىراقنى كۆرەر ئېسىل خىسلەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: “**ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن**” {سۈرە «ئال ئىمران» (3 ـ سۈرە)، 159 ـ ئايەت}.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: “**شۈبھىسىزكى، مۇلايىملىق ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇلايىم كىشىلەرگە شۇنداق مەرھەمەت قىلىدۇكى، بۇنداق پەزىلى ـ مەرھەمەتنى قوپال ۋە ناچار خۇلقلۇق كىشىلەرگە ۋە باشقىلارغا قىلمايدۇ**” (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: “**كىشىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، خۇش بېشارەت بېرىڭلار، تەزدۇرۇۋەتمەڭلار**” (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئابدۇللا ئىبنى بۇسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا تۆت ئادەم ئاران كۆتۈرەلەيدىغان چوڭ بىر تاۋاق بار ئىدى. ئىككى رەكئەت چاشگاھ نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن نان چىلانغان شورپا ئاق تاۋاقتا كۆتۈرۈپ ئەكېلىندى. كۆپچىلىك ئاق تاۋاقنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى، بۇ ۋاقىتتا ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بىر ئەئرابىي كېلىپ: “بۇ قانداق ئولتۇرۇش؟” دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: “**ئاللاھ مېنى كەڭ قورساق ياراتقان، زۇلۇم قىلغۇچى، ھەددىدىن ئاشقۇچى قىلىپ ياراتمىغان، جامائەت سىلەر تاماقنى ئۆز ئالدىڭلاردىن ئېلىپ يەڭلار، ئوتتۇرىسىدىن يېمەڭلار، مۇشۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا بەرىكەت بېرىدۇ**” دېدى (ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

7. ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىدا كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلالايدىغان، مەقسەتنى چوڭقۇر ئىپادىلىيەلەيدىغان، راۋان سۆز ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: “كىشىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ئەڭ سەۋەب بولىدىغان نەرسە نېمە؟” دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: “**ئاللاھ تائالادىن قورقۇش ۋە گۈزەل ئەخلاق**” دېگەنىدى. يەنە: “كىشىلەرنىڭ دوزاخقا كىرىشىگە ئەڭ سەۋەب بولىدىغان نەرسە نېمە؟” دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: “**ئېغىز ۋە جىنسىي ئەزا**” دېگەن ئىدى (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامدىن ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىسىدا سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**ياخشىلىق دېگەن گۈزەل ئەخلاقتۇر، گۇناھ دېگەن كۆڭلۈڭ غەش بولغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنى بىلىپ قېلىشىنى سەن ياقتۇرمىغان ئىشتۇر**" دېدى(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

**8**. كىشىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلغاندا، ئۇلارغا ئازار بېرىدىغان، ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەردىن مۇتلەق ساقلىنىش لازىم. چۈنكى ئازار بېرىش ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ناچار ئىللەت ھېسابلىنىدۇ.

جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**بىر ئادەم: 'ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پالانىنى ئاللاھ كەچۈرمەيدۇ' دېدى. ئۇلۇغ ئاللاھ: 'پالانىنى كەچۈرمەسلىكىمگە قەسەم قىلغان كىشى كىمكەن؟ مەن ئۇنى مەغپىرەت قىلدىم، سېنىڭ ئەمەلىڭنى(يەنى ئىبادەت - ئىشلىرىڭنى) بولسا، بىكار قىلدىم' دېدى**"(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

**9**. مۇمكىنقەدەر كىشىلەرنىڭ ئەيىب - نۇقسان، گۇناھلىرىنى ئاشكارىلىماي يېپىش لازىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**دۇنيادا بەندىنىڭ ئەيىبىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ**"(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئابدۇللا ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: "**ئى ئابدۇللا! سەن پالانىغا ئوخشاش بولمىغىن، ئۇ كېچىلىرى تۇرۇپ ئىبادەت قىلاتتى، (كېيىن)كېچىسى قىلىدىغان ئىبادەتنى تاشلىۋەتتى**" دېگەنىدى(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**قىيامەت كۈنى مۇئمىن كىشى ئۆز رەببىگە يېقىن قىلىنىدۇ، ھەتتا ئاللاھ تائالا ئۆز رەھمىتىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە يېيىپ، ئۇنىڭغا گۇناھلىرىنى ئىقرار قىلدۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا: 'سەن مۇنداق - مۇنداق گۇناھلىرىڭنى بىلەمسەن؟' دەيدۇ. ئۇ كىشى: 'ئى رەببىم! بىلىمەن' دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: 'مەن سىنىڭ گۇناھلىرىڭنى دۇنيادا ياپقانىدىم، بۈگۈن بولسا سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىمەن' دەيدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭغا ياخشى ئەمەللىرى پۈتۈلگەن دەپتىرى بېرىلىدۇ**"(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ماقالىمىزدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇممەتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇممەت بولۇشىدىكى ئېسىل خىسلەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "(**ئى مۇھەممەد ئۇممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەت سىلەر**"{سۈرە«ئال ئىمران»(**3** - سۈرە)، **110** - ئايەت}.

ئۇشبۇ ئايەت كەرىمە ھەققىدە مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇممىتى بولۇشتىن خۇرسەن بولىدىغان كىشى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن(يۇقىرىقى ئايەت كەرىمدىكى ئېسىل خىسلەتلەرنى) شەرتسىز ئادا قىلسۇن"[«تەپسىر ئىبنى كەسىر»(**1** - جىلد **311** - بەت)دىن ئېلىندى].

(ئاپتور: قورغاس ناھىيە لەڭگەر مەسچىتىنىڭ ئىمام - خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)





# ئۇ پەقەت رەھمەت ئەلچىسى

## —سۈرە «ئەنبىيا» 107 - ئايەتنىڭ قىسقىچە تەپسىرى

شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ

تەرجىمىسى: **(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق.**

بۇ ئايەت سۈرە «ئەنبىيا»نىڭ **107** - ئايىتى بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن رەھمەت ئەلچىسى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھمەت ئەلچىسى ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى شۇكى، ئۇ زاتنىڭ رىسالىتى ئۆز قەۋمىگە رەھمەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈنمۇ رەھمەتتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھمەت ئەلچىسى ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى شۇكى، ئۇ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي، مىللىي جۇغراپىيەلىك پەرقلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بىرلىكىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىسلام دىنى تەبىقە، دىن، مىللەت ئايرىماستىن، ھەممە ئادەمنىڭ بارلىق ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەردە باراۋەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئىنسانىيەت تارىخىدا بۆرۈلۈش خاراكتېرلىك ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا يېڭى بىر سەھىپە قوشتى. بۇ نۇقتا: ”**ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر(يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ) ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر**“{سۈرە «ھۇجۇرات»(49 - سۈرە)، **13** - ئايەت}؛ ”**ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىلىڭلارنىڭ، رەڭگىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى ئاللاھنىڭ(كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر**

قۇرئان كەرىم تەپسىرى

**بار"{سۈرە«رۇم»(30 ـ سۈرە)، 22 ـ ئايەت}؛ "ئى خالايىق! سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىر، ھەممىڭلار بىر ئاتىدىن بولغان، ئادەم ئاتا تۇپراقتىن يارىتىلغان. ئەرەبلەر غەيرى ئەرەبلەردىن ئارتۇق ئەمەس، غەيرى ئەرەبلەر ئەرەبلەردىن ئەۋزەل ئەمەس؛ قارا تەنلىكلەر ئاق تەنلىكلەردىن ئەۋزەل ئەمەس، ئاق تەنلىكلەر قارا تەنلىكلەردىن ئەۋزەل ئەمەس؛ كىم ئاللاھقا تەقۋادار بولسا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا شۇ ئەۋزەل"**(تەبەرانى رىۋايەت قىلغان) دېگەن ئايەت، ھەدىسلەردە ئوچۇق ئىپادىلەنگەن.

يۇقىرىقىلار ۋە باشقا ئەمەلي، ئىلمىي پاكىتلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن رەھمەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆز قەۋمىگىلا ئەمەس، پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن رەھمەت ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدا مەيلى ئۇنىڭغا ئىشەنگەن، مەيلى ئىشەنمىگەن كىشىلەر بولسۇن، ھەممىسىنىڭ باراۋەر، ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلەرگىمۇ ياخشىلىق ئېلىپ كەلگۈچى رەھمەت ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ نۇقتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى مەككىدە قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن دەۋەتنى مەككىنىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىشنى ئويلاپ، تائىفقا چىققانلىقى ھەققىدىكى بىر ۋەقەلىك چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە كۇپايە قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىلادىيە 619 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تائىفقا چىقىپ 10 كۈندەك تۇرۇپ ھېچقانداق ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ. مەيلى ئۇ مەككىدە، مەيلى تائىفتا بولسۇن، قايسى قەبىلىگە دەۋەت ئېلىپ بارسا، قوپاللىق بىلەن رەت قىلىنىدۇ. ھەتتا تاش ـ كېسەكلەر بىلەن ئۇر ـ ئۇر قىلىنىدۇ. بولمىغۇر گەپلەر بىلەن ھاقارەت قىلىنىدۇ. ئاخىرى ئۇ زات ناھايىتى دىلى سۇنۇق، غەمكىن ۋە پەرىشان ھالدا مەككىگە قاراپ يول ئالىدۇ. ئۇ زات بىر چاغدا قەرنۇلمەنازىل دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى تاغ پەرىشتىسى بىلەن مەككىلىكلەرنى "ئەخشەبەين"(مەككىدىكى ئىككى تاغ) بىلەن باستۇرۇۋېتىشكە مەسلىھەت سېلىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ ھەقتە «سەھىھۇلبۇخارى»دا مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: 'ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا ئۇھۇد ئۇرۇشىدىكىدىنمۇ ئېغىرراق بىر كۈن كەلگەنمۇ؟' دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: 'مەن سېنىڭ قەۋمىڭ تەرىپىدىن شۇنداق ئېغىر كۈلپەتلەرگە يولۇققانكى، ئۇنىڭ ماڭا نىسبەتەن ئەڭ ئېغىر تۇيۇلغىنى ئەقەبە كۈنىدىكى ئىش(تائىفتا يۈز بەرگەن ئىش) ئىدى. مەن ئۇ چاغدا ئەبدىيالەيل ئىبنى كۇلالغا مېنى ھىمايىسىگە ئېلىشنى ئۆتۈنگەن ئىدىم، ئۇ ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن(قاتتىق قايغۇ ـ ئەلەم ئىچىدە) قايسى ياققا ماڭغىنىمنى ئاڭقىرالماي مېڭىپ كېتىپتىمەن. بىر ھازادىن كېيىن ھوشۇمغا كەلسەم، قەرنۇس سەئالىپ(ھازىرقى قەرنۇلمەنازىل)قا كېلىپ قاپتىمەن. بېشىمنى كۆتۈرسەم، بىر پارچە بۇلۇت ئۈستۈمدە ماڭا سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ. قارىسام ئۇنىڭدا جىبرىئىل تۇرىدۇ، ئۇ ماڭا نىدا قىلىپ: ‹ئى مۇھەممەد! ئاللاھ سېنىڭ قەۋمىڭنىڭ ساڭا دېگەن سۆزلىرىنى ۋە ساڭا قايتۇرغان رەددىيەلىرىنى ئەلۋەتتە ئاڭلىدى. ئۇ ساڭا تاغ پەرىشتىسىنى مۇسەخخەر(بويسۇندۇرۇپ) قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇنى ئۆزۈڭ خالىغان ئىشقا بۇيرۇغىن› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ماڭا تاغ پەرىشتىسى نىدا قىلدى ۋە سالام بېرىپ ئېيتتىكى: ‹ئى مۇھەممەد! ئەھۋال شۇ، نېمىنى خالايسەن؟ مەككىدىكى ئەبىل قۇبەيس تېغى بىلەن ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى قەئقىئان تېغىنى دۈم كەلتۈرىمەن› دېدى. مەن ئۇنىڭغا: **‹بەلكى مەن ئاللاھتىن ئۇلارنىڭ نەسلىدىن ئاللاھنى بىر بىلىپ ئىبادەت قىلىدىغان، شېرىك كەلتۈرمەيدىغان ئەۋلادلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى تىلەيمەن›** دېگەن' ".

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، ئىسلام دىنىنىڭ پەقەت مۇسۇلمانلارغا ئەمەس، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگىمۇ رەھمەت بولۇشى يەنە شۇ يەردە ئىپادىلىنىدۇكى، مۇسۇلمانلارغا مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى كەمسىتمەسلىكنى، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا، كىشىلىك ھوقۇقىغا، ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمەسلىكنى قانۇنىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تەكىتلەپ، ئىسلام

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دىنىنىڭ مەلۇم مىللەت، مەلۇم رايون ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مىللەتچىلىك، قەبىلىۋازلىق، تەرەپبازلىق ۋە يۇرتۋازلىق، شەخسىيەتچىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان دىن بولماستىن، بەلكى تەۋھىدنى ئاساسىي ئەقىدە قىلغان ئاساستا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ يۇللۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان ئادالەت ۋە ھەققانىيەت دىنى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۇرگەن. ئىسلام دىنى مۇشۇ ئاساستا كىشىلەرنى مەجبۇرىي ئەمەس، بەلكى ئىختىيارىي ھالدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئىلمىيلىكنى تەكىتلەپ كىشىلەرنى ئىلمىي قايىل قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق، مېھرىبانلىق، ئوتتۇراھاللىق ئالاھىدىلىكىنى تەدرىجىي ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەقتىكى شانلىق ئىش ـ ئىزلىرى «تارىخى تەبەرى»دە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: ”مۇسۇلمانلار يېرۇسالېمنى فەتھى قىلغان ۋاقىتتا، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېرۇسالېم ئەھلىنىڭ جانلىرىغا، ماللىرىغا، ئىبادەتخانىلىرىغا، ئۇ جايدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە ئامانلىق توختامى تۈزۈپ بېرىپ شۇنداق دېگەن: ئۇلارنىڭ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئىگىلىۋېلىشقا، چېركاۋلىرىنى چېقىۋېتىشكە، كرېستلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلاشقا بولمايدۇ، ئۇلارنى دىنغا كىرىشكە مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ، ھەرقانداق بىر كىشىگە زىيان يەتكۈزۈلمەيدۇ“.

پۈتۈن ئىنسانىيەت ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا بىلىپ ـ بىلمەي مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن بۇ دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلدى. ئاللاھنىڭ بۇ رەھمىتىنىڭ سايىسى ئۇنىڭ سايىسىدا سايىداشنى خالىغان كىشىلەر ئۈچۈن قۇچاق ئاچقانسېرى، كەڭرىيدىغان ۋە ئۇزىرايدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەپ بەردى. بۈگۈنكىدەك دۇنيا كۆپ قۇتۇپلىششقا يۈزلىنىۋاتقان، ئىقتىساد يەرشارىلىشىۋاتقان، ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلىپ ماددىي تۇرمۇش ھەسسىلەپ پاراۋانلىشىۋاتقان، مەنىۋى تۇرمۇش مەلۇم دەرىجىدە ماددىي تەرەققىيات كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىي بېسىم سەۋەبىدىن قۇرغاقلىشىۋاتقان، مەلۇم دائىرىدە پاراكەندىچىلىك، تېررورلۇق ئەۋج ئېلىپ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ۋەھىمە سېلىۋاتقان يامان غەرەزلىك كىشىلەر ئىسلامنى خۇنۇكلەشتۈرىۋاتقان، بىر قىسىم ئۆزىنى تەقۋادار مۇسۇلمان چاغلاۋاتقان ئاشقۇن كىشىلەر ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئوبرازىغا داغ كەلتۈرۈۋاتقان، بۇنىڭدىن بىخەۋەر ساددا مۇسۇلمانلار ۋە مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەر ئىسلام دىنىغا باشقىچە قاراۋاتقان مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە ئىنسانلارغا بۇنداق رەھمەتنى، بۇنداق مېھرىبانلىقنى، بۇنداق خاتىرجەملىكنىڭ مەنبەسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى تۇغۇلماقتا.

بۇنداق رەھمەتنى ھېس قىلغان ئىنسان مۇشۇ دىن ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئىنسانلارغىلا ئەمەس، تۈرلۈك جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر ئۈچۈنمۇ، شۇنداقلا ئەتراپتىكى پۈتۈن مۇھىت ئۈچۈنمۇ رەھمەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. بۇنداق تونۇپ يەتكەن ئىنسان ئالدى بىلەن ئادەملەرگە ۋە باشقا بارلىق نەرسىلەرگە ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن ئەمەس، مېھرىبانلىق نەزىرى بىلەن قارايدۇ. مانا مۇشۇنداق مېھرىبانلىق تۇيغۇسى تۈپەيلىدىن پۈتۈن جاھانغا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەرگە كۈلۈپ باقىدۇ. مۇسۇلمانلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزئارا مېھرىبان بولۇپلا قالماي، باشقىلارغىمۇ ھەتتا نەرسىلەرگىمۇ مېھرىبان بولىدۇ. كىشىلەرنى ئىلمىي قايىل قىلىشنى، ياخشىلىق بىلەن تەسىرلەندۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ. مۇشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن دۇنيانى ھەتتا ئالەمنى تىنچلىققا، خاتىرجەملىككە پۈركەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى ھەربىر شەيئىنى، ھەربىر تال گىياھنى، ھەربىر چىمدىم تۇپراقنى ھەتتا ھەربىر تامچە سۇنىمۇ ئاسرايدۇ. گەرچە ئەتە ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، قولىدىكى بىر تال كۆچەتنى كەلگۈسى ئەۋلادلار، ھەتتا جان ـ جانىۋارلار، ئۇچار ـ قۇشلار ئۈچۈن تىكىۋېتىپ ئاندىن جان تەسلىم قىلىدۇ ـ دە، پەرۋەردىگارنىڭ بۇ دۇنيادىكى رەھمىتىدىن ئۇ ئالەمدىكى رەھمىتىگە ئۇلىشىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)




**مۇھەممەدجان تىلىۋالدى**

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ تائالانىڭ مۇقەددەس كالامى قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان ھەربىر ئادەم ئۇنىڭ سۈرە ـ ئايەتلىرىدە نۇرغۇنلىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى بايقايدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى ئوخشىتىش بولۇپ، بۇ ئوخشىتىشلار قۇرئان كەرىم تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغان، يەنى تىلىنىڭ كونكرېت، جانلىق ۋە ئوبرازلىق بولۇشىغا ياردەم بېرىپ، قۇرئان كەرىم تىلىنىڭ تېخىمۇ ئېنىق، چۈشىنىشلىك بولۇشىنى غايەت زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە قوللانغان ھەربىر ئوخشىتىش ئارقىلىق ئوي ـ پىكىر ۋە چوڭقۇر مەنىلىك بىر مەزمۇننى ئوبرازلىق، تەسىرچان، چۈشىنىش ئوڭاي بولغان ھالەتتە ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەنە شۇنداق ئايەتلەرنىڭ بىرى ئىمان كەلىمىسى توغرىسىدىكى ئايەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە(يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى- ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كىشىلەرنى ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ**"{سۈرە«ئىبراھىم»(14 ـ سۈرە)، 24 ـ، 25 ـ ئايەت}.

مانا قاراڭ، بۇ نېمىدېگەن گۈزەل ئوخشىتىش ـ ھە؟ بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىنى ئىمان كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىپ ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭ كەگرى بولغان مەزمۇنغا ئەمەل قىلىشلىرى ئۈچۈن كەلتۈرگەن بىر مىسالدۇر. بىز بۇ ئايەتتىكى جانلىق قوللىنىلغان ئوخشىتىش ئارقىلىق، بۇ بۈيۈك تەمسىلدە ئىمان كەلىمىسى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىنى ئوڭايلا بىلىۋالالايمىز:

1. بۇ تولىمۇ ئېسىل دەرەختۇر. بۇ دەرەخ ئېسىل بولغانىكەن، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ مېۋىسى، سايىسى، يوپۇرماقلىرى ئېسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇت قامىتى ئەتراپقا گۈزەللىك ۋە پاكىزلىق بېغىشلاپ تۇرىدۇ. ئىمان

قۇرئان كەرىم تەتقىقاتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەلىمىسىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇنى دىلىدىن تەستىق قىلغان كىشىگە ۋە شۇ كىشى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە ياخشىلىق ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئىمان كەلىمىسى مۇئمىن مۇسۇلماننىڭ ھاياتىغا ھەقىقىي مەنا ۋە قىممەت بېغىشلايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”**كىمكى تاغۇت(يەنى ئاللاھتىن باشقا بارچە مەبۇد)نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، ئاللاھ(بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر**“{سۈرە «بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 256 ـ ئايەت}. ئىمان دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خاتىرجەم بولۇشنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ”**شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدا ئاجىزلىق بىلدۈرگەنلەر ــ ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر**“{سۈرە «ھۇد»(11 ـ سۈرە)، 23 ـ ئايەت}. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، قەلبىدە زەررە چاغلىق ئىمان بولغان كىشى دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ**“(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ئىمانسىز كۆزلەر پەردىلەنگەندەك، ھايات قاراڭغۇ ـ زۇلمەتلىك دەشتى ـ باياۋاندەك تۇيۇلىدۇ، دىللار ئارام تاپالمايدۇ. چۈنكى، ”**بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ**“{سۈرە «رەئد»(13 ـ سۈرە)، 28 ـ ئايەت}.

2. بۇ دەرەخ زېمىن تەكتىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ۋە مۇستەھكەم ئورناپ كەتكەن. ئۇنى بوران ـ چاپقۇن تەۋرىتەلمەيدۇ، يىللار قېرىتالمايدۇ. ئەكسىچە، يىللار ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ يىلتىزى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ ۋە مۇستەھكەملىشىپ زېمىندا مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ئىمان كەلىمىسىمۇ مۇئمىن مۇسۇلمانلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بولىدۇ. ئىمان كەلىمىسى دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، تارىختىن بۇيان ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوغداپ كەلدى، شۇڭا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئىمان كەلىمىسى تاكى قىيامەتكىچە ئۆز مەۋجۇتلۇقى، بۈيۈكلۈكى ۋە ئۈستۈنلۈكىنى يوقاتمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”**ئاللاھ ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ**“{سۈرە «تەۋبە»(9 ـ سۈرە)، 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى}. ئىمان كەلىمىسى ئىنساننى ئاللاھ تائالادىن باشقىغا قۇللۇق قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، مال ـ دۇنيا، نام ـ شۆھرەت، ناچار ئادەت، شەخسكە چوقۇنۇشتىن يىراق تۇرۇشقا، قەلبى ھۆر، ئازادە، راھەت ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ھەتتاكى ئۇ بەندە ”**مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم(دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر**“{سۈرە «ئەنئام»(6 ـ سۈرە)، 162 ـ ئايەت} دەيدىغان ھالەتكە ئېلىپ كېلىدۇ.

3. بۇ دەرەخ يىلتىزىنىڭ قانچە مۇستەھكەم ۋە چوڭقۇر بولۇشى ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ مول ۋە ئاسمان ـ پەلەككە تاقاشقان شاخلىرىنىڭ بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ ئېسىل دەرەخنىڭ يىلتىزى زېمىننىڭ چوڭقۇر تەكتىگە سوزۇلغانسېرى يېتەرلىك سۇ ۋە ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ مېۋىلىرى شۇنچىلىك شېرىن، شاخ ـ يوپۇرماقلىرى بۈك ـ باراقسان، تاشقى كۆرۈنۈشى گۈزەل بولىدۇ. ئىمان كەلىمىسىمۇ بەئەينى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئىمان كەلىمىسى مۇئمىن بەندىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغاندا، ئۇ مۇئمىن بەندىنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز، ئەمەل ـ ئىبادەتلىرى گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. ئۇ مۇئمىن بەندە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ ۋە تائەت ـ ئىبادەتكە يۈزلىنىپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى مۇكەممەل ئورۇندايدۇ. بۇ ئىمانى خىسلەتلەرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە كامالەتكە يېتىشى ئۈچۈن قەلبنى ساپ ۋە مول بولغان دىنى ئىلىم بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش كېرەك، يەنى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش، ئۇنى ھاياتىغا تەتبىقلاشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش لازىم. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ”**پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا(كامىل مۇئمىنلەردۇر**“{سۈرە «ئەنفال»(8 ـ سۈرە)، 2 ـ ئايەت} ئەكسىچە، بىر بەندىنىڭ قەلبىدە ئىمان ئاجىز بولسا، ئۇ بەندە گۇناھ ـ مەئىسىيەت پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ.

قەلبتە ئىمان مۇكەممەل بولماي تۇرۇپ قىلىنغان ئەمەل ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئىماننىڭ ئەمەلنىڭ مەقبۇل بولۇشىنىڭ ئاساسى ۋە شەرتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹**بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز(يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)**››{سۈرە«فۇرقان»(25 ـ سۈرە)، 23 ـ ئايەت}.

دېمەك، ياخشى ئەمەل ۋە تائەت ـ ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە قوبۇل بولۇش ـ بولماسلىقى، كەم ياكى زىيادە بولۇشى، ئۇنىڭ ناقىس ياكى مۇكەممەللىكى قەلبتىكى ئىماننىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئىمان كۈچىيىدۇ ھەم ئاجىزلايدۇ، ئۆمەير ئىبنى ھەبىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹‹ئىمان كۈچىيىدۇ ۋە ئاجىزلىشىدۇ›› دېگەندە، كىشىلەر ئۇنىڭدىن: ‹‹ئۇنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئاجىزلىشىشى قانداق بولىدۇ؟›› دەپ سورىغان. ئۆمەير: ‹‹ئەگەر ئاللاھنى زىكرى قىلساق، ئاللاھقا ھەمدۇسانا، تەسبىھ ئېيتساق بۇنىڭ بىلەن ئىمانىمىز كۈچىيىدۇ، ئەگەر غەپلەتتە قېلىپ، ئاللاھنى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇساق ئاجىزلىشىدۇ›› دېگەن.

4. بۇ دەرەخنىڭ ئاسمانغا تاقاشقان شاخلىرىنىڭ ساغلام ۋە دەخلىسىز بولۇشى ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ مۇستەھكەم ۋە چوڭقۇر بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. دەرەخنىڭ زېمىن تەكتىدىكى يىلتىزى ئۇنىڭ مېۋىسى ۋە شاخلىرىغا تەسىر كۆرسەتكىنىدەك، ئۇنىڭ شاخ ـ يوپۇرماقلىرى قوبۇل قىلغان قۇياش نۇرى، ھاۋا، نەملىك قاتارلىق ئوزۇقلۇقلار زېمىن تەكتىدىكى يىلتىزىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى قۇياش نۇرىنى كۆرمىسە، سۇ ۋە ھاۋادىن ئوزۇقلانمىسا، ئۇنىڭ يىلتىزى ئاجىزلىشىشى، ھەتتاكى بۇ دەرەخ ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك قەلبتىكى ئىماننىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى بەندىنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىنىڭ قانداق بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەندەك، ئۇ بەندە شۇغۇللىنىۋاتقان ھەربىر ئىش ـ ھەرىكەت، تائەت ـ ئىبادەت، ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان گەپ ـ سۆزلەر ئۇ بەندىنىڭ قەلبىدىكى ئىمانغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹**شۈبھىسىزكى، مۆئمىن كىشى گۇناھ قىلسا ئۇنىڭ قەلبىدە قارا داغ پەيدا بولىدۇ. ئەگەر گۇناھىدىن يېنىپ تەۋبە قىلىپ مەغپىرەت تىلەپ قىلسا ئۇنىڭ قەلبى پارقىرايدۇ. ئەگەر گۇناھنى قىلىۋەرسە قارا داغ كۆپىيىدۇ**››(ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان) مانا بۇ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغان قەلبى قارىداپ كېتىش بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‹‹**ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلى دىللىرى قارىداپ كەتكەن**››{سۈرە«مۇتەففىفىن»(83 ـ سۈرە)، 14 ـ ئايەت}.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ‹‹**كىمكى(گۇناھلىرىغا) تەۋبە قىلىدىكەن ۋە ئەمەلنى تۈزەيدىكەن، ئۇ ئاللاھقا يۈزلەنگەن بولىدۇ (يەنى ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ)**››{سۈرە«فۇرقان»(25 ـ سۈرە)، 71 ـ ئايەت}.

دېمەك، سىز ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان تائەت ـ ئىبادەت ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قانچىكى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنلىسىڭىز، بۇنىڭدىن قەلبىڭىزدىكى ئىمانىڭىز شۇنچىكى ئوزۇق ئالىدۇ ۋە قۇۋۋەت تاپىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۆلىمالار ئىماننى بەندىنىڭ ئەمەلىنىڭ قانداق بولۇشىغا قاراپ زىيادە بولىدۇ ياكى كېمىيىدۇ، كۈچىيىدۇ ياكى ئاجىزلايدۇ دەپ قارايدۇ.

5. بۇ دەرەخنىڭ دائىملىق مېۋىسى باردۇر. ئىمان كەلىمىسىگە تەمسىل قىلىنغان بۇ ئېسىل دەرەخنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، باشقا مېۋىلەر مەلۇم بىر پەسىل، مەلۇم بىر ۋاقىتتا مېۋە بەرگەن بولسا، بۇ دەرەخ ھەر پەسىل، ھەر ۋاقىت مېۋە بېرىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ ‹‹**پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ھەر ۋاقىت مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخ**››تۇر. ئىمان كەلىمىسىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بەندىگە ھەر ۋاقىت ياخشىلىق ۋە ئەجىر ـ ساۋاب بەخش ئېتىدۇ. ئىمان كەلىمىسى مۆئمىن بەندىنى ھەمىشە ئەتراپىدىكىلەرگە ياخشىلىق، سىلە ـ رەھىم قىلىشقا، توغرا يولنىڭ ئۈستىدە بولۇشقا يېتەكلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ‹‹**ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەۋر قىلغۇچىلاردۇر، راستچىللاردۇر، (ئاللاھقا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر**››{سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 17 ـ ئايەت}. مانا مۇشۇنداق بولغاندا ئىمان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلىمىسى مەلۇم ۋاقىت مېۋە بېرىپ، باشقا ۋاقىتلاردا بىكار تۇرىدىغان ئەمەس، بەلكى مېھرىبان ئاللاھ تائالا سۈپەتلىگەندەك **"پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ھەر ۋاقىت مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان"** ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

6. بۇ دەرەخ ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن شۇنداق مېۋە بېرىدۇ. ئىمانمۇ بەندىگە ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە خالىشى بىلەن بېرىلىدۇ. بۇ ئىماندىن ئىبارەت نېمەتنىڭ بەندىنىڭ سەۋەب قىلىشى ياكى تىرىشچانلىقى بىلەن ئەمەس، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن ئاتا قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللاھ خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ"**{سۈرە«نەھل»(**16** ـ سۈرە)، **93** ـ ئايەت}؛ **"ئۆزىنىڭ يامان ئەمەلى چىرايلىق كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چىرايلىق ھېسابلىغان كىشى(ھىدايەت تاپقان كىشى بىلەن ئوخشاشمۇ؟) ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ(خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ)"**{سۈرە«فاتىر»(**35** ـ سۈرە)، **8** ـ ئايەت}؛ **"ھەرقانداق كىشى پەقەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولغاندىلا، ئاندىن ئىمان ئېيتىدۇ، (ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە) پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى ئاللاھ ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ"**{سۈرە «يۇنۇس»(**10** ـ سۈرە)، **100** ـ ئايەت}. بىز بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق ئىماننىڭ باشقا ھەرقانداق بىر نەرسە بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان كاتتا نېمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار، قۇرئان كەرىمدىكى ھەربىر ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە قۇرئان كەرىمنى كىشىلەر زېھنىگە يېقىنلاشتۇرۇش، قۇرئاننىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈش، ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش، قۇرئان كەرىمنىڭ جەلپكارلىقى ۋە تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان. بىز قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئەنە شۇ مەنا ـ مەزمۇنلارنى چۈشىنىپ، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى، **"ئاللاھ كىشىلەرنى ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ"**{سۈرە«ئىبراھىم»(**14** ـ سۈرە)، **25** ـ ئايەت}.

ئى ئاللاھ! قەلبلىرىمىزگە مۇستەھكەم ئىمان ئۇرۇقلىرىنى چاچقىن، دۇنيادا ئىمان بىلەن ياشاپ، ئىمان بىلەن ئۆلۈشكە نېسىپ قىلغىن. ھەممىلىرىمىزنى سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە مەرھەمىتىڭگە نائىل بولىدىغان سالىھ مۆئمىن مۇسۇلمانلار قاتارىدىن قىلغىن. ئامىن!

(ئاپتور: پەيزىۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتوقاي كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

**ئادەت** ـــ 1. بىر شەھەر ياكى يۇرتتىكى ئادەملەرنىڭ بۇرۇندىن قىلىپ كەلگەن ئىش ـ پائالىيەتلىرى، يەنى ئەنئەنىسى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدۇر. ھەر يۇرتنىڭ ئادىتى باشقىدۇر. بىر يۇرتنىڭ ئادەتلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ. ئۆزى تۇرۇۋاتقان يەرنىڭ دىنغا ئۇيغۇن ئادەتلىرىگە بويسۇنماسلىق تەكەببۇرلۇق ۋە هارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر(ئىمام رەببانى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ئىشلار ۋە ساقلانغان ئىشلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرسى، ئىبادەت سۈپىتىدە قىلغان ئىشلار ۋە ساقلانغان ئىشلاردۇر. يەنە بىرسى، ئۆزى بارغان يەرنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن قىلغان ئىشلاردۇر. ئادەتكە باغلىق ئىشلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىلىقتۇر. مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ ئىشلەتكەن نەرسىلىرى ئىنسانلارغا پايدىلىقلا بولسا ئۇنى ئىشلىتىش بىدئەت ئەمەس. ئىشتان كىيىش، ھەر خىل ئاياغ كىيىش، ئارا، قوشۇق ئىشلىتىش، شىرەدە تاماق يېيىش، كۆپچىلىك ئايرىم قاچىدا غىزالىنىش، ناننى پىچاق بىلەن كېسىش... دېگەندەك ئىشلار مۇباھتۇر، يوللۇقتۇر. تۇرمۇشنى قولايلاشتۇرىدىغان ھەر خىل ئۈسكۈنە، ماشىنا ۋە ئەسۋابلارنى ئىشلىتىش تامامەن نورمال، ئادەتكە ئايلانغان ئىشلاردۇر. ئەمما پايدىلىق، ئىلغار نەرسىلەرنى يامان ئىشلارغا قوللىنىش ھارامدۇر. ئىنتېرنېت ياخشى نەرسىدۇر، ئەمما ئۇنى يامان ئىشلارغا ئىشلەتىشكە ھارامدۇر. 2. كىتاب، سۈننەت، ئىجمائ ۋە قىياستىن قالسا، ئادەت ئىككىنچى دەرىجىدىكى دىنىي دەلىللەردىن بىرىدۇر، دىن ۋە ئەقىل قوبۇل قىلغان ئىشلاردۇر. ئايەت كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپتە ئوچۇق بىلدۈرۈلمىگەن بىر ھۆكۈمنى چۈشىنىش ۋە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئومۇمىي ئادەتلەر دەلىل قىلىنىدۇ. مۇئامىلات (تىجارەت، ۋاكالەت، مىراس ئالماق، ئىجارە ئالماق...) ھۆكۈملىرى ئۈچۈن بىر جاينىڭ دىنغا ئۇيغۇن ئادەتلىرى ئاساس قىلىنىدۇ. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەتكە تايانغان ھۆكۈملەر ئۆزگىرىشى مۇمكىن، ئەمما ئىسلامنىڭ تۈپ پرىنسىپى ساقلىنىپ قالىدۇ. (تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)



# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇئالىرىدا پاناھ تىلىگەن ئىشلار

ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

مۇئمىنلەر دۇنيادا ھەر دائىم بىر باشپاناھقا موھتاجلىقنى ھېس قىلىپ ياشايدۇ. ئۇنىڭدىن گۈزەل ۋە ياخشى ئىشلارنى تىلەيدۇ. يامان ۋە رەزىل ئىشلاردىن ساقلىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شەيتاندىن ئىبارەت ئەزەلىي دۈشمىنىنىڭ ئازدۇرۇۋېتىشىدىن ۋە ۋەسۋەسىلىرىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نېمىلەردىن، قانداق پاناھ تىلەش كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەن بولۇپ، تۆۋەندە شۇ دۇئالاردىن ئاز بىر قىسمىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

> *ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئاتىغا شەيتاندىن پاناھ تىلەشنى ئۆگەتكەنلىكى*

ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇنجى بولۇپ شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىغان ۋە ئاللاھنىڭ ھىمايىسىگە سىغىنىپ، شەيتاندىن پاناھ تىلىگەن.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، جان بەرگەندىن كېيىن پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان. بۇ بۇيرۇققا ھەممە پەرىشتىلەر ئىتائەت قىلغان. پەقەت ئىبلىسلا سەجدە قىلىشتىن باش تارتقان[1]. ئاللاھ تائالا: **﴿ئى ئىبلىس! سەن نېمىشقا سەجدە قىلمايسەن؟﴾** دەپ سورىغاندا ئىبلىس: **﴿مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ﴾** دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاللاھ تائالا: **﴿سەن بۇ يەردىن (يەنى جەننەتتىن) چۈشۈپ كەت، بۇ يەردە ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشۇڭغا بولمايدۇ، يوقال! سەن ھەقىقەتەن پەسكەشلەردىنسەن﴾**[2] دەپ ئىتائەتسىزلىكنىڭ جازاسى سۈپىتىدە ئىبلىسنى ئەسلىدىكى ماقامىدىن چۈشۈرۈپ قوغلىۋەتكەندە، چارىسىز قالغان ئىبلىس: **﴿پەرۋەردىگارىم! ماڭا خالايىقلار تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) گىچە مۆھلەت بەرگىن (مېنى**

[1] سۈرە «ھىجر» (15 ـ سۈرە)، 29 — 31 ـ ئايەتلەر؛ سۈرە «ئىسرا» (17 ـ سۈرە)، 61 ـ ئايەت.

[2] سۈرە «ئەئراف» (7 ـ سۈرە)، 12 ـ، 13 ـ ئايەتلەر.

رەھمەت پەيغەمبىرى

ھايات قالدۇرغىن)﴾[3]، ﴿چوقۇم ئۇلارنى ئازدۇرىمەن، ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىمەن ...﴾[4]، ﴿ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان ئادەم مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى (ئازدۇرۇپ) تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋېتىمەن (يەنى ئۇلارنى خالىغانچە يېتىلەيمەن)﴾[5] دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

ئاللاھ تائالا ئادەم ئاتىمىزنى شەيتاندىن ئاگاھلاندۇرۇپ: ﴿ئى ئادەم! بۇ ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭدۇر، خوتۇنۇڭنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئۇ سىلەر ئىككىڭلارنىڭ جەننەتتىن چىقىپ كېتىشىڭلارغا سەۋەبچى بولۇپ قالمىسۇن، (ئۇ چاغدا) سىلەر جاپا مۇشەققەتتە قالىسىلەر﴾[6] دېگەن بولسىمۇ، ئادەم ئاتا بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى تېزلا ئۇنتۇغان. شەيتان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يالغان قەسەم[7] ئارقىلىق ئۇلارنى ئازدۇرغان[8]. ئىلاھى پەرماننى ئۇنتۇپ، ئاشكارا دۈشمەن بولغان شەيتاننىڭ[9] ۋەسۋەسىسىگە ئالدانغان ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿(ئادەمگە، ھەۋۋاغا، ئىبلىسقا) "بىر-بىرىڭلار بىلەن ئۆچەكەشكەن ھالدا (جەننەتتىن يەر يۈزىگە) چۈشۈڭلار، يەر يۈزىدە ۋاقىتلىق (ئەجىلىڭلار توشقۇچە) يەرلىشىڭلار ۋە (نېمەتلەردىن) بەھرىمەن بولۇڭلار﴾[10] دېگەن ئەمرى بىلەن جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈرۈلگەن. ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا ئۆتكۈزگەن بۇ خاتالىقنى تونۇپ يېتىپ: ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز﴾[11] دەپ ئىلتىجا قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەپۇسىغا، رەھىم-شەپقىتى ۋە چەكسىز ھىمايىسىگە پاناھلانغان.

[3] سۈرە «ھىجر» (15-سۈرە)، 36-ئايەت.
[4] سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 119-ئايەت.
[5] سۈرە «ئىسرا» (17-سۈرە)، 62-ئايەت.
[6] سۈرە «تاھا» (20-سۈرە)، 117-ئايەت.
[7] سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 21-ئايەت؛ سۈرە «تاھا» (20-سۈرە)، 120-ئايەت.
[8] سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 36-ئايەت.
[9] سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 22-ئايەت.
[10] سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 36-ئايەت.
[11] سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 23-ئايەت.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ شەيتاندىن پاناھ تىلىگەنلىكى

ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىدىن كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن تاللاپ ئەۋەتكەن بارلىق پەيغەمبەرلىرى ۋە يولباشچىلىرىمۇ ھەر خىل شارائىتلاردا پەرۋەردىگارى تەرەپكە پاناھلىنىپ كەلگەن.

نۇھ ئەلەيھىسسالام: ﴿پەرۋەردىگارىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سىغىنىمەن، ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن"﴾[12] دېگەن.

يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان ئايال ۋە قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان ناھەق تەلەپكە قارشى: ﴿خۇدا پاناھ بەرسۇن﴾ دېگەن: ﴿يۈسۈف تۇرۇۋاتقان ئۆيدىكى ئايال (يەنى زۇلەيخا) يۈسۈفتىن ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىپ: "بېرى كەل" دېدى. يۈسۈف: "خۇدا پاناھ بەرسۇن! ... دېدى﴾، ﴿يۈسۈف: خۇدا ساقلىسۇن، نەرسىمىزنى كىمنىڭ يېنىدىن تاپقان بولساق، شۇنى ئېلىپ قالىمىز، بولمىسا بىز چوقۇم زالىملاردىن بولۇپ قالىمىز، دېدى﴾[13].

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى مەسخىرە قىلىپ، جاھىللاردىن بولۇپ قېلىشتىن[14]، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان، ھېساب كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان مۇتەكەببىر پىرئەۋننىڭ[15] ۋە قەۋمىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن[16] ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگەن.

قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان ھەزرىتى ئىمراننىڭ ئايالى قورسىقىدىكى پەرزەنتىنى پەرۋەردىگارىغا ئاتىۋەتكەن. بوۋاق قىز تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا "مەريەم" دەپ ئىسىم قويۇپ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەپ، ئۇنى ۋە ئەۋلادلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇرغان. ئاللاھ تائالا بۇ ئايالنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ

[12] سۈرە «ھۇد» (11-سۈرە)، 47-ئايەت.
[13] سۈرە «يۈسۈف» (12-سۈرە) 23- ۋە 79-ئايەتلەر.
[14] سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 67-ئايەت.
[15] سۈرە «مۇئمىن سۈرىسى، 47-ئايەت.
[16] سۈرە «دۇخان» (44-سۈرە)، 20-ئايەت.

ھەزرىتى مەريەمنى ساغلام ئۆستۈرۈپ بەرگەن[17]. ھەزرىتى مەريەم بۇ ئىلاھىي ھىمايە ئاستىدا ئىپپەتلىك ئۆسۈپ يېتىلگەن.

## شەيتاندىن پاناھ تىلەش ھەققىدىكى بىر قىسىم ئايەتلەر

ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ قىسسىسىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شەيتان كىشىلەرنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇشنى ئەھدە قىلغانلىقى ئۈچۈن[18] تۈنجى بولۇپ ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. **﴿شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، شۇڭا ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ﴾**[19]. ئىبلىس بارچە يامانلىقنىڭ، گۇمراھلىق ۋە پۈتۈن ئەسكىلىكلەرنىڭ مەنبەسىدۇر. مۆئمىن كىشى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ئۆزىنى قوغدىيالىسا، بېشىغا كەلگۈسى يامانلىقلارنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلىغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھقا سىغىنىپ شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەپ تۇرۇش كېرەكلىكى ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلىپ تۇرغان.

**﴿ئەگەر شەيتان سېنى ۋەسۋەسە قىلىپ (يۇقىرىقى خىسلەتنى ئۆزلەشتۈرمەسلىككە كۈشكۈرتسە) ئاللاھقا سىغىنىپ (شەيتاننىڭ شەررىدىن) پاناھ تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾**[20].

**﴿ئېيتقىنكى، پەرۋەردىگارىم! ساڭا سىغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سىغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن﴾**[21].

ئاللاھ تائالا بۇلار بىلەنلا قالماي يەنە، «مۇئەۋۋەزەتەيىن» دەپ ئاتالغان ئىككى مەخسۇس سۈرىدە شەيتاندىن، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ۋە شەيتانىي ئىنس-ھەرىكەتلەردىن پەيغەمبەرنىڭ (مۆئمىنلەرنىڭ) ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

**﴿مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (ئاللاھ)قا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن،- دېگىن﴾**[22].

**﴿ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (ئاللاھ)قا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن،-دېگىن﴾**[23].

## پەيغەمبىرىمىز پاناھ تىلىگەن ئىشلار

ھەدىس مەنبەلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە مەخسۇس پاناھلىق تىلەش ھەققىدە ئايرىم بۆلۈم ۋە بابلار ئاجرىتىلغان. بۇ مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلار بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەڭرىچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ تائالاغا پاناھلىنىشنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۈيۈك ھەدىسشۇناس ئىمام نەسەئى «سۈنەن» ناملىق قىممەتلىك ھەدىس كىتابىدا «كىتابۇل ئىستىئازە — پاناھ تىلەش بۆلۈمى» دەپ مەخسۇس بىر بۆلۈم ئاجرىتىپ **111** ھەدىس نەقىل قىلغان. بۇ ھەدىسلەردە، مۆئمىننىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەردىن ساقلىنىش ۋە ئۆز-ئۆزى بىلەن ھېسابلىشىش بارىسىدىكى پاناھ تىلەشلەر نەقىل قىلىنىپلا قالماستىن، كىشىنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولمىغان ھەر خىل بالايى-ئاپەتلەردىنمۇ پاناھ تىلەش ھەققىدىكى بايانلارمۇ نەقىل قىلىنغان.

پەرۋەردىگارىغا پاناھلانغان مۆئمىنلەرنىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدىغانلىقى[24] ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەۋرىلىرىنى

---

[17] سۈرە «ئال ئىمران» (3 - سۈرە)، 35 — 37 - ئايەتلەر.
[18] سۈرە «ھىجر» (89 - سۈرە)، 39 - ئايەت.
[19] سۈرە «فاتىر» (35 - سۈرە)، 6 - ئايەت.
[20] سۈرە «فۇسسىلەت» (41 - سۈرە)، 36 - ئايەت.
[21] سۈرە «مۆئمىنۇن» (23 - سۈرە)، 97 - ، 98 - ئايەتلەر.

[22] سۈرە «فەلەق» (113 - سۈرە).
[23] سۈرە «ناس» (114 - سۈرە).
[24] سۈرە «نەھل» (16 - سۈرە)، 99 - ئايەت.

شەيتاننىڭ شەررىدىن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھلاندۇرۇغان: **''نۇقسانسىز، مۇكەممەل كەلىمىلىرىگە سېغىنىپ، بارلىق شەيتان، زىيانلىق ھاشارات ۋە يامان كۆزنىڭ شەررىدىن پاناھلىق تىلەيمەن''**[25].

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ساھابىلىرىگە، ئاچچىقلانغان ۋاقىتلاردا شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمەي، ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەشنى ھەر پۇرسەتتە ئەسلىتىپ تۇرغان. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن بىر يەردە ئىككى كىشى تىللىشىپ قالغان، بىرىنىڭ يۈزى قىزىرىپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەن، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پەيغەمبىرىمىز: ''ھەقىقەتەن مەن بىر سۆز بىلىمەنكى، ئۇ ئادەم ئۇنى ئېيتسا ئاچچىقى يانىدۇ، ئۇ بولسىمۇ أَعُوذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ **(ئاللاھقا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن)**'' دېگەن سۆزدۇر دېگەن[26].

شەيتاننىڭ ئەڭ چوڭ غايىسى ئاشكارا دۈشمەن دەپ بىلگەن بىز ئىنسانلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇۋېتىش بولغاچقا، مۇئمىن كىشى ئىمانىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇۋېتىشىدىن، مۇناپىقلىقتىن ۋە ئەخلاقسىزلىقلاردىن پاناھ تىلىشى كېرەك. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **''ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ ئىتتىپاقسىزلىقتىن، مۇناپىقلىقتىن ۋە ئەخلاقسىزلىقتىن پاناھ تىلەيمەن''**[27] دەپ دۇئا قىلغان.

پەيغەمبىرىمىز، ئاجىزلىق، ھۇرۇنلۇق، بېخىللىق ۋە قورقۇنچاقلىق[28] قاتارلىق ئىللەتلەردىن پاناھ تىلەش بىلەن بىرگە، پايدىسىز ئىلىمدىن، گۇمراھلىقتىن، بويسۇنماس قەلبتىن، تويماس نەپستىن، قەبرە ئازابىدىن[29]، ھۇرۇنلۇقتىن، خىيانەتتىن، گۇناھلاردىن، زۇلۇم قىلىشتىن، قوپال ۋە نادانلارچە ئىش قىلىشتىن[30]، كەمچىلىكلەردىن پاناھ تىلىگەن.

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئۆگىتىپ قويغان دۇئانى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى: **''ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، بېخىللىقتىن قورقۇنچاقلىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! نەپسىمنى تەقۋادار قىلغىن ۋە ئۇنى پاك قىلغىن، ئۇنى پەقەتلا سەنلا پاك قىلىسەن، سەن ئۇنى قوغدىغۇچىسەن ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىدۇرسەن. ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ بويسۇنماس قەلبتىن، تويماس نەپسىدىن، پايدىسىز ئىلىمدىن ۋە ئىجابەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن''**[31].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ كۆپ پاناھ تىلىگەن ئىشلار ـ قەبرە ئازابى، دوزاخ[32]، مەھشەردىكى ئورۇننىڭ تارلىقى[33]، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ۋە غەزىپىدىن ئىبارەت.

ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاناھلىق تىلەپ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: **''ئى ئاللاھ ساڭا سېغىنىپ دوزاخ پىتنىسىدىن، دوزاخ ئازابىدىن، قەبرە پىتنىسىدىن، قەبرە ئازابىدىن، بايلىق پىتنىسىدىن، پېقىرلىق پىتنىسىدىن ۋە دەججال پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن''**[34].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان: **''سېنىڭ رازىلىقىڭ بىلەن غەزىپىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ قوغدىشىڭ بىلەن ئازابىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سەن بىلەن دوزىخىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سەن ئۆزۈڭگە سانا ئېيتقاندەك مۇكەممەل رەۋىشتە سانا ئېيتىشتىن ئاجىزدۇرمەن''**[35].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئىنسان بولۇش

---

[25]بۇخارى، 3371 ـ ھەدىس، كىتابۇل ئەنبىيا.

[26]بۇخارى، 6048 ـ ھەدىس، كىتابۇل ئەدەب.

[27]ئەبۇ داۋۇد، 1546 ـ ھەدىس، كىتابۇس سالات، ۋىتر بابى؛ نەسائى، 5473 ـ ھەدىس، كىتابۇل ئىستىئازە.

[28]نەسائى، 5445 ـ 5446 ـ 5457 ـ ھەدىسلەر، كىتابۇل ئىستىئازە.

[29]نەسائى، 5444 ـ ھەدىس، كىتابۇل ئىستىئازە.

[30]بۇخارى، 6363 ـ ھەدىس، كىتابۇد دەئەۋات؛ نەسائى، 5488 ـ، 5470 ـ ۋە 5473 ـ ھەدىسلەر، كىتابۇل ئىستىئازە.

[31]نەسائى، 5460 ـ ھەدىس، كىتابۇل ئىستىئازە؛ مۇسلىم، 6906 ـ ھەدىس، كىتابۇز زىكر.

[32]مۇسلىم، 1324 ـ ھەدىس، كىتابۇل مەساجىد؛ بۇخارى، 1377 ـ ھەدىس، كىتابۇل جەنائىز.

[33]نەسائى، 5527 ـ ھەدىس، كىتابۇل ئىستىئازە.

[34]بۇخارى، كىتابۇد دەئەۋات، بابۇل ئىستىئازە.

[35]مۇسلىم، 1090 ـ ھەدىس، كىتابۇس سالات.

سۈپىتى بىلەن ئىنسانىنىڭ بېشىغا كېلىش مۇمكىنچىلىكى بار بولغان تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن، روھىي كېسەللەردىن، ماخاۋ كېسىلىدىن، يامان ئاغرىقلاردىن، ئاجىزلىقتىن ۋە بەك قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيتتى.

پەيغەمبىرىمىز تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددىلىقنى تاللاش بىلەن بىللە پېقىرلىقتىن، يوقسۇللۇقتىن، خارلىقتىن، زۇلۇم قىلىشتىن ياكى زۇلۇم قىلىنىشتىن، ئاچلىقتىن، بالا - قازاغا يولۇقۇشتىن ۋە ئېغىر ئەھۋالدا قېلىشتىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگەن.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان: **«ئى ئاللاھ! سەن بىلەن بەرگەن نېمىتىڭنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن، ئامانلىقىمنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن، تۇيۇقسىز جازالىشىڭدىن ۋە جىمى غەزەبلىرىڭدىن پاناھ تىلەيمەن»**[36].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۇناھ - مەئسىيەتتىن ۋە قەرزگە پېتىپ قېلىشتىن بەك كۆپ پاناھ تىلەيدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. ئائىشە ئانىمىز پەيغەمبىرىمىزدىن: «قەرزگە پېتىپ كېتىشتىن نېمانچە كۆپ پاناھ تىلەيسىز؟» دەپ ئەجەبلەنگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«چۈنكى، ئىنسان قەرزگە پاتقاندا، يالغان ئېيتىدىغان ۋە ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان بولۇپ قالىدۇ»**[37] دەپ جاۋاب بېرىش ئارقىلىق، قەرزگە پېتىپ قالغان كىشىنىڭ يامان ئىشلارنى قىلىپ سالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. ئەنەس ئىبنى مالىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلىش جەريانىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ تولا ۋاقىتلاردا مۇنداق دەپ دۇئا قىلىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان: **«ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ غەم - قايغۇدىن، ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، قەرزدارلىقتىن ۋە كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ بوزەك قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن»**[38].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىمگە موھتاج بولماي، ساغلام ياشاشنى ئىستەپ ۋە كۈتۈلمىگەن ئاپەتلەردە ئۆلۈپ كېتىشتىن پاناھ تىلەپ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: **«ئى ئاللاھ! بەك قېرىپ كېتىشتىن، غۇلاپ كېتىشتىن، تام بېسىۋېلىشتىن، غەم - قايغۇدىن، كۆيۈپ كېتىشتىن، غەرق بولۇشتىن، ئۆلۈم ئالدىدا شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ۋە زەھەرلىك جانلىقلار چېقىۋېلىپ ئۆلۈشتىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»**[39].

خېيىم - خەتەر ۋە ئاپەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرەپكە پاناھلىنىش ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھېچقانداق ماددىي تەدبىر قوللانماسلىق دېگەننى كۆرسەتمەيدۇ.

پاناھلىق تىلەش - مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نوقۇل ھالدىكى خەتەردىن ئۆزىنى قوغداش پائالىيىتى بولماستىن، بەلكى بىر خىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئەخلاقىدۇر. يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار تەھلىكىلەرگە قارشى يۈكسەك بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئىشلەنگەن تەقدىردىمۇ، مۇسۇلمان كىشى يەنىلا مەۋجۇتلۇقنىڭ بىردىنبىر سەۋەبچىسى بولغان ياراتقۇچىسىغا پاناھلىنىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. مۇئمىن كىشىنىڭ بۇ خىل مەيدانى، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان يېگانە ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ھېچقانداق ئىشنىڭ مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

پەيغەمبىرىمىز قورقۇنچنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇشنى ئېيتقان: **«ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، جازاسىدىن، بەندىلەرنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ۋە ئەمەللىرىمگە شېرىك بولۇشىدىن ئاللاھنىڭ نۇقسانسىز، مۇكەممەل كەلىملىرىگە سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»**.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخشىمى ياتقاندا خاتىرجەم ئۇخلاش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا پاناھلىنىشنى مۇئمىنلەرگە تەۋسىيە قىلغان. بۇلاردىن باشقا مەلۇم ۋاقىت ۋە مەلۇم ئورۇنلاردا ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ئوقۇغان ھەر خىل دۇئالار مەۋجۇت. ئۆيدىن چىققاندا سىرتتا بېشىغا كېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان پايدىسىز ئىشلاردىن پاناھ تىلەپ مۇنداق دەيتتى: **«ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، تېيىلىپ كېتىشمدىن**

[36]مۇسلىم، 6944 - ھەدىس، كىتابۇر رىقاق؛ ئەبۇ داۋۇد، 1545 - ھەدىس، كىتابۇس سالات، ۋىتر بابى.

[37]نەسائى، 5456 - ھەدىس، كىتابۇل ئىستىئازە.

[38]بۇخارى، كىتابۇد دەئەۋات، بابۇل ئىستىئازە؛ تىرمىزى، 3484 - ھەدىس، كىتابۇد دەئەۋات.

[39]نەسائى، 5535 - ھەدىس، كىتابۇل ئىستىئازە؛ ئەبۇ داۋۇد، 1552 - ھەدىس، كىتابۇس سالات، ۋىتر بابى.

**ۋە تېپىلدۇرۇلۇشىمدىن، ئېزىپ كېتىشىمدىن ۋە ئازدۇرۇلۇشىمدىن، نادانلىق قىلىشىمدىن ياكى ماڭا باشقىلارنىڭ نادانلىق قىلىپ قويۇشىدىن سېنىڭ بىلەن پاناھ تىلەيمەن»**[40].

پەيغەمبىرىمىز سەپەر مۇشەققىتىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيتتى. سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ مۇبارەك لەۋلىرىدىن بۇ دۇئالار تۆكۈلەتتى: **«ئى ئاللاھ! سەپەرنىڭ جاپا-مۇشەققىتىدىن، سەپەردىن يامان ھالەتتە قايتىشتىن، نېمەتلىرىمىزنىڭ كۆپەيگەندىن كېيىن كېمىيىشكە يۈزلىنىشىدىن، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ بەددۇئاسىدىن، پۇل-مال ۋە خوتۇن-بالىلارنىڭ يامان ئاقىۋەتكە قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن»**[41].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەردە بىرەر جايغا چۈشكۈن قىلسا: **«غەم-قايغۇدىن، ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، بېخىللىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، قەرزدارلىقتىن ۋە كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ بوزەك قىلىشىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»**[42] دەپ دۇئا قىلاتتى.

ھاجەتخانىغا كىرىشتىن بۇرۇن: **«ئەركەك ۋە چىشى جىن-شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن»**[43] دەيتتى.

ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش، ياردىمىنى ئۈمىد قىلىش ۋە ئۇنىڭ چەكسىز ئىرادىسىگە سېغىنىش رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ تۇرمۇشىغا شۇ قەدەر سىڭىپ كەتكەنكى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىدە ئوقۇغان دۇئالىرىدا يەنە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە سېغىنىش بار ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رىۋايىتىدە نەقىل قىلىنىشىچە، پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇشىنىڭ ئالدىدا: **«قىلغان ۋە قىلمىغان ئەمەللىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»**[44] دېگەن دۇئانى كۆپ ئوقۇغان.

[40]ئەبۇ داۋۇد، كىتابۇل ئەدەب، 5094-ھەدىس؛ نەسائى، 5541-ھەدىس، كىتابۇل ئىستىئازە.

[41]مۇسلىم، 3276-ھەدىس، كىتابۇل ھەج؛ نەسائى، 5500-ھەدىس، كىتابۇل ئىستىئازە.

[42]بۇخارى، 5425-ھەدىس، كىتابۇل ئەتئىمە؛ نەسائى، 5505-ھەدىس، كىتابۇل ئىستىئازە.

[43]بۇخارى، 142-ھەدىس، كىتابۇل ۋۇدۇئ؛ مۇسلىم، 831-ھەدىس، كىتابۇ ھەيز.

[44]نەسائى، 5526-ھەدىس، كىتابۇل ئىستىئازە؛ مۇسلىم، 6895-ھەدىس، كىتابۇز زىكر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئمىنلەرگە ئىنتايىن ئامراق بولۇپ، ئۇلارغا تاھارەت ئېلىش ۋە ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشنىڭ باشقىچە ئىپادىلىنىشى بولغان پاناھ تىلەش (ئىستىئازە)نىمۇ ئۆگىتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كۇفە شەھرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان يەمەنلىك ساھابە شەكەل ئىبنى ھۇمەيد رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: ئي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ماڭا بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويسىلا، - دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، لەۋزى قىسقا، ئەمما مەنىسى چوڭقۇر بولغان تۆۋەندىكى دۇئانى يادلىۋېلىشنى ئېيتقان: **«ئى ئاللاھ! سەن بىلەن قۇلىقىمنىڭ يامانلىقىدىن، كۆزۈمنىڭ يامانلىقىدىن، تىلىمنىڭ يامانلىقىدىن، قەلبىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە جان يېرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»**[45]. ئۇنىڭدىن باشقا، مەدىنەلىك ساھابە زەيد ئىبنى ئەرقەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگىتىپ قويغان تۆۋەندىكى ئىستىئازە(پاناھ تىلەش) دۇئاسىنى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغىمۇ ئۆگىتىپ قويغان: **«ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، بېخىللىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! نەپسىمنى تەقۋادار قىلغىن ۋە ئۇنى پاك قىلغىن، ئۇنى پەقەت سەنلا پاك قىلىسەن، سەن ئۇنى قوغدىغۇچىسەن ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىدۇرسەن. ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ قورقماس قەلبتىن، تويماس نەپسىدىن، پايدىسىز ئىلىمدىن ۋە ئىجابەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن»**[46].

## ***خۇلاسە***

پاناھ تىلەش(ئىستىئازە)— غەم-ئەندىشىلىرىمىزدىن، قورقۇنچلىرىمىزدىن، ياقتۇرمىغان نەرسىلىرىمىزدىن ۋە تۈرلۈك يامانلىقلاردىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە ھىمايىسىگە سېغىنىش ھەمدە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەشتۇر. ئەخلاقلىق بولۇش ۋە ئەخلاق ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتۇر. ئاللاھ

[45]تىرمىزى، 3492-ھەدىس، كىتابۇد دەئەۋات.

[46]نەسائى، 5460-ھەدىس، كىتابۇل ئىستىئازە؛ مۇسلىم، 6906-ھەدىس، كىتابۇز زىكر.

تائالانى ئەسلەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا سىغىنىدىغان جۇملىلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويۇش بولماستىن، بەلكى يالغۇز ئەمەسلىكىمىزنى قەلبىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ھېس قىلىشتۇر. پاناھ تىلەش(ئىستىئازە) ئۆزىمىزنى ۋە بەندىچىلىكىمىزنى ئاشكارىلايدىغان ۋاستە. ھاياتىمىز پەقەت ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىش بىلەنلا ئۆز مەنىسىنى تاپىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن بولغان زاتقا پاناھلىنىشى كېرەك. بۇ پاناھلىنىش بەندىچىلىكنىڭ ئاددىي ئىپادىسى. چۈنكى، ئىنسان بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنلىكىنى، ھەممىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاۋۋال شەيتاندىن، ئاندىن شەيتانى خاراكتېرگە ئىگە ھەرقانداق جانلىقنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ بىزنى قايمۇقتۇرۇپ قەلبىمىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەش بەندىچىلىك مەجبۇرىيىتىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئاخىرىدا پەيغەمبىرىمىز تەلىم بەرگەن بۇ ئىستىئازە(پاناھ تىلەش) دۇئاسىنى تىلىمىزدىن چۈشۈرمەسلىكىمىز كېرەك: **„ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەندىن سورىغان ياخشى نەرسىلەرنى بىزمۇ سورايمىز. پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەن بىلەن پاناھ تىلىگەن نەرسىلەردىن بىزمۇ پاناھ تىلەيمىز. مەدەت سەندىنلا سورىلىدۇ. قايتىش ساڭىلا بولىدۇ. ھەرقانداق چارە ـ تەدبىر ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت پەقەت سېنىڭ خاھىشىڭ بىلەنلا بارلىققا كېلىدۇ“**[47].

(ئاپتور: خوتەن شەھىرىدىن، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)



[47] تىرمىزى، 3521 ـ ھەدىس، كىتابۇد دەئەۋات.

**ئاللاھ (جەللە جەلالۇھۇ)** — ئەسمائۇل ھۇسنا(ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرى)دىن بىرىدۇر. مەۋجۇتلۇقى زۆرۈرىيەت بولغان، ئىمان ئېيتىش ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق بولغان ھەقىقىي زات، ھەممە نەرسىنى يوقتىن بار قىلغۇچى ئۇلۇغ ياراتقۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا زاتى بىلەن باردۇر، بارلىقى، مەۋجۇتلۇقى ئۆزى بىلەن بىللىدۇر. ھازىر مەۋجۇت بولغىنىدەك، دائىم مەۋجۇتتۇر، ئەبەدىي مەۋجۇتتۇر. مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئالدىدا ۋە كەينىدە يوقلۇق بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى زۆرۈر شەرتتۇر. ئاللاھ تائالا ماددا ئەمەس، جىسىم ئەمەس(ئېلېمېنت ئەمەس، ئارىلاشما ياكى بىرىكمە ماددىمۇ ئەمەس)، ساناقلىق نەرسە ئەمەس، ئۇنى ئۆلچىگىلى، ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. ماكان بىلەن چەكلەنمەيدۇ، يەنى بىر يەرگە باغلىنىپ قالمايدۇ؛ زامان بىلەنمۇ چەكلەنمەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆتمۈش ياكى كەلگۈسى دەيدىغان ئۇقۇم يوقتۇر؛ ئالدى، ئارقا، ئوڭ، سول دەيدىغان تەرەپلىرى بولمايدۇ. ئىنساننىڭ ئەقلى، پىكرى ۋە ئېرىشكەن بىلىملىرى ئۇنىڭ كەيپىياتىنى(قانداقلىقىنى) بىلىپ بولالمايدۇ. بارلىق مەخلۇقنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى ۋە ھۈجەيرىلىرىنى ياراتقۇچى، يوقتىن بار قىلغۇچى پەقەت ئاللاھتۇر. ئۇ ئىنساننىڭ خىيالىغا كەلگەن بارلىق گۇمان، پەرەز، قىياسلىرىدىن مۇنەززەھتۇر(پاكتۇر)، ئىنساننىڭ خىيال قىلغان نەرسىسىنىڭ ھېچبىرى ئۇ ئەمەستۇر. پەقەت ئۇ ئۆز كالامى قۇرئان كەرىمدە سۈپەتلىگەن سۈپەت ۋە ئىسىملاردىنلا ئۇنىڭ ئۇلۇغ ھەيۋىتىنى، بۈيۈكلۈكىنى ئاڭقىرالايمىز، ئۇنى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە سۈپەتلىيەلەيمىز، ئۇلۇغلىيالايمىز ۋە زىكرى قىلالايمىز. ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن ھەربىر مۇسۇلمان قۇرئاندا بىلدۈرۈلگەن بۇ گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلەرنى توغرا ئۆگىنىشى ھەم ئۇنىڭغا تەستىق قىلىشى كېرەك. ئاللاھ تائالاغا زىت ياكى قارشى بىر ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ شېرىكى ياكى ياردەمچىسى يوقتۇر؛ ئاتا ـ ئانىسى، ئوغلى، قىزى، خوتۇنى يوقتۇر. ئاللاھ تائالانى ئىسلامىيەت بىلدۈرگەن ئىسىم ـ سۈپەتلەر بىلەن زىكرى قىلىش ۋە ئۇلۇغلاش كېرەك.

(ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد تەييارلىغان)




تاھىر قادىر

بسم الله الرحمن الرحيم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

كائىناتتىكى بارلىق مەخلۇقات ۋە مەۋجۇداتنى ئۆز قۇدرەت كامالىتى بىلەن ياراتقان، ئىنسانلارغا ئەقىل - پاراسەت، گۈزەل قەددى - قامەت ئاتا قىلىش بىلەن بارلىق ھايۋانات ۋە جانلىقلاردىن ئۈلۈغ قىلىپ ياراتقان، ئىمان - ئىسلام نېمىتى بىلەن شەرەپلەندۈرگەن يەككە يېگانە ئىگىمىز ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇسانا ۋە مەدھىيەلەر بولسۇن!

دىنىمىزنى بىزگە يەتكۈزگەن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە، ئۇ زاتى مۇبارەككە ئىمان كەلتۈرۈپ سەممىي ئىخلاس بىلەن ئەگەشكەن ساھابە كىراملارغا، ئۇلارنىڭ پاك يوللىرىنى تۇتۇپ مېڭىپ، دىنىمىزنى بىزگە يۆگۈنگە قەدەر يەتكۈزۈپ بەرگەن ئىمانى ساپ ئەجدادلىرىمىزغا سەممىي سالام يوللايمىز ۋە جانابى ھەقتىن ئۇلارغا رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم! مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

ۋەز - تەبلىغ

خالىغانچە ''كۇففار'' دەپ ھۆكۈم قىلىش دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەرەب تىلىدا ''تكفير'' دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: ''كىشىنى كۇفرىغا ھۆكۈم قىلماق، كۇفرىغا چىقارماق'' دېگەن بولىدۇ. مۇسۇلمانىنى ئالدىراپلا كۇفرىغا چىقىرىدىغان بۇ خىل خاھىش مۇسۇلمانلار ئىچىدە ناھايىتى بۇرۇنلا پەيدا بولغان بولۇپ، بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى، ئاساسسىز باھانە - سەۋەبلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىمانىغا كەلىمە - كەلىمەس ھۆكۈم قىلىش ۋە ئالدىراپ كۇفرىغا چىقىرىش، ئارقىدىن ئۇلارنىڭ جېنى، مېلى ۋە ئىززەت ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىشتۇر.

### 1. ئىماننىڭ تەبرى ۋە ئۇنىڭ خاسىيىتى

ئەھلى جامائەت! بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاياتىدا ئىمان - ئېتىقاد شۇنداق قىممەتلىك ۋە ئۇلۇغكى، ئۇ ھەممە ياخشىلىقلارنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئىمان شەرىپىگە نائىل بولغان ئىنسان مۇستەھكەم تۇتقۇغا ئېرىشكەن ئىنساندۇر.

ئىمان دېگەن ئىشىنىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، كىشىنىڭ ''أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّداً رَسُولُ اللهِ (ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ، ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ)(بىر ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە

لايىق مەبۇد يوقتۇر، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن) دەپ تىلىدا ئىقرار قىلىپ دىلىدا تەستىق قىلىشى ئىمان كەلتۈرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

بۇ كەلىمە ”كەلىمە تەييىبە“ ياكى ”كەلىمە شاھادەت“ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كەلىمە ئىمان ۋە تەۋھىدنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ھەرقانداق بىر ئىنسان ئىسلامغا قەلبى قانائەت تېپىپ مۇسۇلمان بولماقچى بولسا، بۇ كەلىمىنى تىلى بىلەن ئېيتىپ، مەنىسىنى قەلبىدە تەستىقلىسىلا مۇسۇلمانلار قاتارىغا ئۆتكەن بولىدۇ.

كەلىمە تەييىبە ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ: بىرىنچىسى، ”أشْهَدُ أنْ لاَ إِلَهَ إلاَّ اللهُ(ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ)(بىر ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق مەبۇد يوقتۇر دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن)“ دېگەن بۆلەك. بۇنى تىلىمىز بىلەن ئېيتىپ دىلىمىز بىلەن تەستىقلىغانلىقىمىز ئىبادەتكە لايىق زاتنىڭ پەقەتلا بىر ئاللاھ ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلغانلىقىمىزدۇر.

ئىككىنچىسى، ”وَأَشْهَدُ أنَّ مُحَمَّداً رَسُولُ اللهِ(ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ)(مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن)“ دېگەن بۆلەك. بۇ بۆلەكنىڭ مەنىسى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ئىكەنلىكىنى چىن كۆڭلىمىزدىن قوبۇل قىلغانلىقىمىز، ئۇنىڭ سۈننىتىنى بىجاندىل ئورۇنلايدىغانلىقىمىزنى تىلىمىزدا ئېيتىپ ۋەدە بەرگىنىمىز، ئۇنىڭغا تولۇق ئىتائەت قىلىدىغانلىقىمىزنى جاكارلىغىنىمىزدۇر.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا بۇ ئىمان كەلىمىسىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ”**ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر مىسال كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ. كەلىمە تەييىبە(ياخشى سۆز، يەنى ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخقە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ**“{سۈرە«ئىبراھىم» (14 ـ سۈرە)، **24** ـ ئايەت}. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەپسىرىگە كۆرە، بۇ ئايەتتىكى ”ياخشى سۆز“ ئىمان كەلىمىسى بولغان ”لاَ إِلَهَ إلاَّ اللهُ مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللهِ“دۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئىمان كەلىمىسىنى ”يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخقە“ ئوخشاتقان بولۇپ، بۇ تەمسىل ئىماننىڭ تارماقلىرىنىڭ تولىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا كامىل ئىماننىڭ يىلتىزىنىڭ تولىمۇ مۇستەھكەم بولىدىغانلىقىنى، يىلتىزى مۇستەھكەم شاخلىرى باراقسان ئىماننىڭ ئاسانلىقچە بەربات بولمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىمان دەرىخىنىڭ داۋاملىق پەرۋىشكە موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ مەنىدە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**ئىمان يەتمىش نەچچە ياكى ئاتمىش نەچچە شاختۇر. ئۇنىڭ ئەۋزىلى ’لاَ إِلَهَ إلاَّ اللهُ‘(بىر ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق مەبۇد يوقتۇر) دېگەن سۆزنى ئېيتىش، ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋىنى يولدىكى ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش، ھايا ئىماننىڭ بىر شېخىدۇر**“(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئىماننىڭ تەبىرىنى بىزنىڭ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ئېقىمى، ھەنەفىي مەزھىپىمىزدىكى مۇجتەھىدلىرىمىزدىن ئىمام تەھاۋى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ”والإيمان : هو الإقرار باللسان والتصديق بالجنان . والإيمان واحد وأهله في أصله سواء والتفاضل بينهم بالخشية والتقى ومخالفة الهوى وملازمة الأولى . والمؤمنون كلهم أولياء الرحمن وأكرمهم عند الله أطوعهم وأتبعهم للقرآن . والإيمان: هو الإيمان بالله وملائكته وكتبه ورسله واليوم الآخر والقدر خيره وشره وحلوه ومره من الله تعالى“(ئىمان بولسا تىل بىلەن ئىقرار قىلىش ۋە دىل بىلەن تەستىقلاشتۇر، ئىمان بىردۇر، ئىمان ئەھلى ئىماننىڭ ئەسلىدە باراۋەردۇر، ئىمان ئەھلىنىڭ ئارىسىدىكى ئارتۇقچىلىق ئاللاھدىن قورقۇش ۋە تەقۋادارلىق، خاھىشقا بېرىلمەسلىك، ئەڭ ياخشىسىنى لازىم تۇتۇش بىلەنلا بولىدۇ، مۆئمىنلەرنىڭ ھەممىسى ئەررەھمان ئاللاھ تائالانىڭ ئەۋلىيالىرىدۇر، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئۇلارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى ئاللاھقا ئەڭ ئىتائەت قىلغۇچى ۋە قۇرئان كەرىمگە ئەڭ كۆپ ئەگەشكىنىدۇر. ئىمان دېگەنلىك: ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، تەقدىرنىڭ ياخشىلىقى، يامانلىقى ئاللاھتىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتۇر)[تەھاۋى ئەقىدىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەتنىسىدىن] .

ھۆرمەتلىك جامائەت! ئىمان شۇنداق خاسىيەتلىككى، ئۇ ھەربىر ئىمان ساھىبىنى نىجاتلىققا باشلاپ، قىلغان بارلىق ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدا قوبۇل بولۇپ، ئەجىر - ساۋاب بېرىلىشىگە كېپىلدۇر. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ: **"ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار- ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسىدۇر. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بولغان ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھدىن مەمنۇن بولىدۇ، بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان ئادەم ئېرىشىدۇ"**{سۈرە«بەييىنە»(**98** - سۈرە)، **11** - ئايەت} .

ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىمان كەلتۈرگەن ھەقىقىي ئىمانلىق مۇئمىنلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خەۋپ - خەتەردىن، بالايى - ئاپەتلەردىن ساقلاپ ئۇلارنى قوغدايدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: **"ئاللاھ مۇئمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ. ئاللاھ ھەرقانداق خىيانەتچى ناشۈكۈر بەندىنى دوست تۇتمايدۇ"**{سۈرە «ھەج»(**22** - سۈرە)، **38** - ئايەت } .

ئىمان دۇنيادا ئوبدان ۋە بەختلىك ياشاشنىڭ كاپالىتىدۇر. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: **"ئەر- ئاياللارنىڭ ئىچىدىن كىمكى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز"**{سۈرە«نەھل»(**16** - سۈرە)، **98** - ئايەت} .

ئىمان ھىدايەتنىڭ، يەنى بەندىنىڭ ئاللاھنىڭ توغرا يولىدا بولۇشىنىڭ ۋە مەڭگۈلۈك نىجاتلىقىنىڭ كاپالىتىدۇر. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: **"ئەنە شۇلار(ئىمان ئېيتقانلار) پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر"** {سۈرە«بەقەرە»(**2** - سۈرە)، **5** - ئايەت} .

## 2. بىراۋغا خالىغانچە ھۆكۈم قىلىشنىڭ خەتىرى

قېرىنداشلار! دۇنيادا ھەرقانداق بىر ياخشى نەرسىنىڭ كۈشەندىسى ۋە خەتىرى بولغىنىدەك، بۇ ئىمان - ئېتىقاد، دىن - دىيانەتنىڭمۇ ئەزەلدىن خەتىرى ۋە كۈشەندىسى بولۇپ كەلگەن. ئىمان ۋە تەۋھىدنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق كۈشەندىسى شەيتاندۇر. شەيتان ھەرخىل ئامال ۋە چارىلەر بىلەن ئالدى بىلەن ئىنساننى قانداق قىلىپ ئىماندىن يىراقلاشتۇرۇشنى كۆزلەيدۇ. شەيتان، ئىسلام دىنىنىڭ بىرلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغان ئاساسىنى، يەنى تەۋھىد ئەقىدىسىنى تەۋرىتىشنى ئۆزىنىڭ باش نىشانى قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقىقەت قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: **"ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى(يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى(ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئازغان بولىدۇ. ئۇلار(يەنى مۇشرىكلار) ئاللاھنى قويۇپ، پەقەت(ئۆزلىرى چىشى(ناملار بىلەن ئاتىۋالغان) بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدۇ. پەقەت ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقان شەيتانغا ئىبادەت قىلىدۇ. ئاللاھ شەيتاننى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، شەيتان ئېيتتى: 'مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن ساندىكىلەرنى ئىگىلەيمەن، شۈبھىسىز چوقۇم ئۇلارنى ئازدۇرىمەن، ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىمەن(يەنى ھايات ئۇزۇن، قىيامەت، ھېساب ئېلىش يوق دېگەندەك باتىل ئەقىدىلەرنى كۆڭلىگە سالىمەن)، ئۇلارنى چوقۇم چاھارپايلارنىڭ(بۇتلارغا نەزەر قىلىپ بەلگە ئۈچۈن) قۇلاقلىرىنى يېرىشقا بۇيرۇيمەن، ئۇلارنى چوقۇم ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە(يەنى قۇللارنى ئاختا قىلىش، ئۇلارغا مەڭ ئويدۇرۇشقا ئوخشاش) ئىشلارغا بۇيرۇيمەن'. كىمكى ئاللاھنى قويۇپ شەيتاننى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ(دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئوپئوچۇق زىيان تارتقان بولىدۇ"**{سۈرە«نىسا»(**4** - سۈرە)، **116**—**120** - ئايەتلەر} .

ئاللاھ تائالا ھۆپۈپنىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا بىلقىسنىڭ ئەھۋالىدىن بەرگەن خەۋىرىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **"ئۇنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ ئاللاھنى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنىدىغانلىقىنى بايقىدىم، شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى(يەنى ئاللاھنى قويۇپ، قۇياشقا چوقۇنغانلىقلىرىنى) چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى، ئۇلار ھىدايەت تاپالمايدۇ"**{سۈرە «نەمل»(**27** - سۈرە)، **24** - ئايەت} .

ئىمانغا شەيتان تەرىپىدىن كېلىدىغان خەتەرنى

تونۇپ يەتكەن ئالىم مۇجتەھىدلىرىمىز قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىدىكى بايانلارغا ئاساسەن ئىماننىڭ مۇھىملىقىنى، ئىنساننى ئىماندىن ئايرىپ تاشلايدىغان ئامىللارنى مۇپەسسەل بايان قىلىپ ئۆتكەن. بۇ ھەقتە ئىمام تەھاۋى مۇنداق دەيدۇ: ”ولا يخرج العبد من الإيمان إلا بجحود ما أدخله فيه“(بەندە پەقەت ئۆزىنى ئىمانغا ئېلىپ كىرگەن نەرسىنى ئىنكار قىلمىغىچە ئىماندىن چىقىپ كەتمەيدۇ). [تاھاۋى ئەقىدىسىنىڭ مەتنىسىدىن]. مۇسۇلماننى دىنغا كىرگۈزگەن نەرسە ئالدى بىلەن [” لاَ إِلَهَ إلاَّ اللهُ (لا ئىلاھە ئىللەللاھ)“ (بىر ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق مەبۇد يوقتۇر) ”مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللهِ( مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ ”( مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر)“] دېگەن كەلىمەدۇر. ئىماننىڭ ئەركانى بولسا ”ئىمان دېگەنلىك: ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، تەقدىرنىڭ ياخشىلىقى، يامانلىقى ئاللاھتىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتۇر)“ دېگەن ئالتە ئىماندۇر. كىمكى مۇشۇ ئىمان ئاساسلىرىنىڭ بىرەرسىگە، ئۇنىڭدىكى كەسكىن ھۆكۈملەرگە ئۇز ئىختىيارلىقى بىلەن چىن كۆڭلىدىن ئىنكار قىلسا ياكى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلىكىنى ئۇز ئىختىيارلىقى بىلەن، ھېچقانداق بېسىمغا ئۇچرىمىغان ئەھۋالدا جاكارلىسا، ئاندىن ئۇ ئادەم ئىماندىن چىققان بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە ناھايىتى ئېنىق ئايەت ۋە ھۆكۈملەر كەلگەن.

ئىمام تەھاۋى بۇ مەنىنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: ”ونسمي أهل قبلتنا مسلمين مؤمنين ، ما داموا بما جاء به النبي صلى الله عليه وسلم معترفين، وله بكل ما قاله وأخبر مصدقين“( ئەھلى قىبلىمىز ئاللاھنىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەرنى ئېتىراپ قىلسىلا، ئۇ زات دېگەن ۋە يەتكۈزگەن خەۋەرلەرنى تەستىقلىسىلا بىز ئۇلارنى مۇئمىن مۇسۇلمان دەپ ئاتايمىز) [تاھاۋى ئەقىدىسىنىڭ مەتنىسىدىن].

ئىمام تەھاۋى يۇقىرىدىكى ھۆكۈم ئارقىلىق ئىمانغا كېلىدىغان خەتەرنى بايان قىلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، كىشىنىڭ ئىمانغا كەلسە-كەلمەس ھۆكۈم قىلىشىنىڭ ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائە ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىگە، بۇنىڭ بىر نازۇك مەسىلە ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان.

شەيتان ئىنساننى ھەرخىل قىياپەتلەر بىلەن كېلىپ ئازدۇرىدۇ. ئۇ بىر بولسا ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ كېلىپ ئازدۇرسا، بىر بولسا دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ، دىندار قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئازدۇرىدۇ. نەتىجىدە بىر قىسىم دىن-دىيانەت يولىغا ماڭغان قېرىنداشلار ئۆزى بىلىپ بىلمەي تەكفىر ئېقىمىغا، يەنى مۇسۇلمانلارنى خالىغانچە ”كۇففارلار“ دەپ ھۆكۈم قىلىدىغان كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ كېتىۋاتماقتا. بۇ خىل ناچار خاھىش دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئىسلام ئەللىرىدە بىر خىل خەۋپ-خەتەر بولۇپ قالماقتا. تارىختا بۇ خىلدىكى خاتا ئەقىدىنى كۆتۈرۈپ، قۇرئاننى ھۆكۈمدار قىلىش شوئارى ئاستىدا ئوتتۇرىغا چىققان ”خاۋارىجلار“(بۆلۈنۈپ چىققۇچىلار) ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبىرىمىز جەننەت بىلەن بېشارەت بەرگەن ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىمۇ مۇرتەدلىكتە قارىلىغان. خاۋارىجلارنىڭ تەكفىر نەزەرىيەسىنىڭ نېگىزى ”ھەرقانداق چوڭ گۇناھ قىلغۇچى كۇففار بولىدۇ“ دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار بۇ نەزەرىيەنى ”وَلِلَّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ اللهَ غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ“(**قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى كۇففار بولىدىكەن، شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن(يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر)** {سۈرە«ئال ئىمران»(3-سۈرە)، 97-ئايەت} دېگەنگە ئوخشاش بىر قانچە ئايەتلەرنى بۇرمىلاپ تەپسىر قىلىش ئارقىلىق ئاشۇ مۇددىئاسىغا يەتمەكچى بولغان. ئەمەلىيەتتە بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ”يەنى ھەجنى ئىنكار قىلىپ تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە“ دېگەنلىك بولاتتى. ۋەھالەنكى، ئايەت ۋە ھەدىسلەردىكى دەلىللەر، شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھى كەبىرە قىلغانلارغا بەرگەن ئوخشىمىغان جازالىرى، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتە كەلگەن ”كۇفر“ كەلىمىسىنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسىنىڭ بىرى ئەقىدىدىكى ”كۇفر“، يەنە بىرى ئەمەلدىكى ”كۇفر“دىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭا ئىمام بۇخارى «سەھىھۇلبۇخارى»دا: ”كفر دون كفر“(ھەقىقىي كۇفرىدىن باشقىمۇ كۇفرى بار) دەپ باب قويۇپ، بۇ ھەقتىكى دەلىللەرنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ”كۇفر“نىڭ بۇ خىل مەنىسىنى ئىپادىلەپ، خاۋارىجلار ۋە خاۋارىجلار ئېقىمىدىكىلەرگە رەددىيە بەرگەن.

ئەينــى دەۋرــدە ’’تەكفــر‘‘ ئىقىمــدىكى ’’خاۋارىجلار‘‘نىڭ قارشىسىدا ’’مۇرجىئىلەر‘‘ ئېقىمى دەيدىغان، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسىگە خىلاپ قاراشتىكى بىر ئېقىممۇ چىقىپ ئۆلگۈرگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ تۈپكى قارىشى: ’’كىشى تىلىدا ئىقرار قىلىپ، قەلبىدە ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىنى تەستىقلىسىلا ئىمانى كامىل مۇسۇلمان بولىدۇ. ياخشى ئەمەل ياكى گۇناھ ـ مەئسىيەت ئىمانغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ‘‘ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بىر قىسىم كىشىلەر ھەنەفىي مەزھىپىنى مۇرجىئىلىك بىلەن تۆھمەت قىلىشىدۇ. ئىمام تەھاۋى بۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ. ’’ولا نقول لا يضر مع الإيمان ذنب لمن مال‘‘ بىز(مۇرجىئىلەرگە ئوخشاش) ئىمانى بولسىلا گۇناھى تەسىر قىلالمايدۇ دېمەيمىز). [تاھاۋى ئەقىدىسىنىڭ مەتنىسىدىن]

دېمەك، ئالىملار ’’كۇفر‘‘ كەلىمىسىنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىكى ئىپادىلىگەن مەنىسىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىگە قاراپ، كۇفرىنى ئىككى قىسىمغا بۆلگەن.

بىرىنچىسى، ئەقىدىدىكى كۇفرى، ئۇ ئىسلامدىن چىقىرىدۇ. بۇ كۇفرىنى ئىمام تەھاۋى: ’’ولا يخرج العبد من الإيمان إلا بجحود ما أدخله فيه‘‘(بەندە پەقەت ئۆزىنى ئىمانغا ئېلىپ كىرگەن نەرسىنى ئىنكار قىلمىغىچە ئىماندىن چىقىپ كەتمەيدۇ) دەپ بايان قىلغان[تاھاۋى ئەقىدىسىنىڭ مەتنىسىدىن].

ئىككىنچىسى، ئەمەلدىكى كۇفرى، ئۇ ئىسلامدىن چىقارمايدۇ. تۆۋەندىكى ھەدىستە كەلگەن كۇفرى دەل ئەمەلدىكى كۇفرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ’’**زىناخور مۇئمىنلىق ھالەتتە زىنا قىلمايدۇ، ھاراق ئىچكۈچى مۇئمىنلىق ھالەتتە ھاراق ئىچمەيدۇ. ئوغرىلىق قىلغۇچى مۇئمىنلىق ھالەتتە ئوغرىلىق قىلمايدۇ**‘‘(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)؛ ’’**مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىق، ئۆلتۈرۈش كۇفرىلىقتۇر**‘‘(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)؛ ’’**مەندىن كېيىن بىر-بىرىڭلارنىڭ گەدىنىگە چاپىدىغان كۇففارلاردىن بولۇپ كەتمەڭلار**‘‘ (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ’’مۇئمىنلىق ھالەتتە ئوغرىلىق قىلمايدۇ...، ئۆلتۈرۈش كۇفرىلىق...، گەدىنىگە چاپىدىغان كۇففارلاردىن‘‘ دېگەن بۇ سۆزلىرىنى ’’بىر مۇسۇلمان ئاشۇ گۇناھلارنى قىلىش بىلەن كۇفرى بولۇپ كەتتى‘‘ دەپ چۈشەنمەيمىز. ئۇ ھەرگىز دىنىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتتى، دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زىناخور، ئوغرى، شاراپخورلارغا بەلگىلىگەن جازاسىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكى، بۇ جايدا دېيىلىۋاتقان كۇفرىنىڭ ئېتىقادى كۇفر ئەمەس، بەلكى ئەمەلدىكى كۇفر ئىكەنلىكىنى، ئەقىدە ساھەسىدە كۇفرىنى ئەنە شۇنداق ئىككىگە ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشنىڭ شەرئى ئاساسى بار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن كىچىك كۇفرىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسنى خاتا چۈشىنىپ، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان تەركى سالاتلارنى، ھاراق ئىچىپ ئۆلگەنلەرنى مۇسۇلمان ئەمەس، ئۇ دوزاختا كىرىدۇ دەپ كەسكىن ھۆكۈم قىلىش، كۇفرىغا چىقىرىش، نامىزنى چۈشۈرمەسلىك ئىماننىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەنلىكتۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىگە نىسبەتەن ئىمام تەھاۋى خۇلاسە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ’’ونرى الصلاة خلف كل بر و فاجر من أهل القبلة ، و على من مات منهم و لا ننزل أحدا منهم جنة و لا نارا ، و لا نشهد عليهم بكفر و لا بشرك و لا بنفاق، ما لم يظهر منهم شيء من ذلك، و نَذَرُ سرائرهم إلى الله تعالى‘‘(قىبلە ئەھلىدىن بولغان ياخشى ۋە ناچار ئادەمنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇشنى جائىز دەپ قارايمىز ۋە ئۇلاردىن ۋاپات بولغانلارغا جىنازا ناماز ئوقۇشنى دۇرۇس دەپ قارايمىز. قىبلە ئەھلىدىن ھېچ بىر كىشىنى جەننەتكە ياكى دوزاخقا ھۆكۈم قىلمايمىز. ئۇلاردىن كۇفرىلىق، مۇشرىكلىك ۋە مۇناپىقلىقتىن بىرەر نەرسە ئاشكارا بولمىغانلا بولسا، بىز ئۇلارنىڭ كۇففارلىقىغا، مۇشرىكلىقىغا ۋە مۇناپىق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرمەيمىز. ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرىمىز)[تاھاۋى ئەقىدىسىنىڭ مەتنىسىدىن].

ئىمام تاھاۋى، ئىمان ۋە كۇفرىدىكى ئەڭ نازۇك بولغان مەسىلىنى بايان قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ’’ولا نكفر أحدا من أهل القبلة بذنب، ما لم يستحله‘‘(ئەھلى قىبلىدىن بىرەرسىنى گۇناھنى ھالال سانىمىسىلا گۇناھى سەۋەبلىك كۇففار دېمەيمىز)[تاھاۋى ئەقىدىسىنىڭ مەتنىسىدىن]. دېمەك، بەندە گۇناھ ئىشلارنى قىلمىسىمۇ، ئاشۇ گۇناھلارنى ھالال سانىسا، ياكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ بىرەر ھۆكمىنى يامان كۆرسە ۋە ياكى مەسخىرە قىلسا، ئېتىقادى جەھەتتە خاتالاشقان

سانىلىپ، دىندىن چىقىپ كەتكەن دەپ قارىلىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن: ‹‹**ئاللاھنى ئىنكار قىلغانلار بەختسىزلىككە يولۇققانلاردۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ(ياخشى) ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتتى. ئۇلار ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسىنى يامان كۆرگەن بولغاچقا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى يوق قىلىۋەتتى**››{سۈرە«مۇھەممەد» (**47** ـ سۈرە)، **8** ـ، **9** ـ ئايەت}.

ئىسلامدا ئەقىدە ۋە شەرىئەتكە مۇناسىۋەتلىك پىرىنسىپ ۋە ھۆكۈملەر ناھايىتى ئېنىق بەلگىلىنىپ بولغان. ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ شەرئى دەلىلىنىڭ كۆرسەتمىسى بولمىغان ئەھۋالدا بىر مۇسۇلماننىڭ ئىمانىغا كەلسە ـ كەلمەس ھۆكۈم قىلىشتىن ياكى خالىغانچە بۇ ھالال، بۇ ھارام دەپ دىندا ئاساسسىز سۆزلىشى، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىكى كىشىلەرگە قارا ـ قويۇق دىنسىزلىق تامغىسى بېسىپ ھاقارەتلىشى، جېنىغا، مېلىغا، ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشى جائىز بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ‹‹**سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۇرۇپ سالام بەرگەن ئادەمگە -دۇنيانىڭ مال-مۈلكىنى كۆزلەپ - سەن مۇئمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار**››{سۈرە«نىسا»(**4** ـ سۈرە)، **94** ـ ئايەت}.

كىشىگە كۇففارلىق ھۆكۈمىنى بېرىش ئەڭ خەتەرلىك بولغاچقا، مۇسۇلماننىڭ ئىمانىغا كەلسە ـ كەلمەس ھۆكۈم قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش لازىم. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹**ھەرقانداق بىر ئادەم قېرىندىشىنى ھەي كافىر دېسە، بۇ سۆز ئىككىسىنىڭ بىرسىگە قايتىدۇ**››(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەلۋەتتە ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ كۆز قارىچۇقىدىنمۇ قىممەتلىك بولغان ئىمانىنىڭ ساغلام ۋە كامىل بولۇشىنى، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچراپ قالماسلىقنى ئارزۇ قىلىدۇ، بۇ خىل خاتالىقلاردىن ساقلىنىشنىڭ قانداق ياخشى ئامالىنىڭ بارلىقىنى بىلگۈسى كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىلدىكى خەتەرلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ، ئازماستىن، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ساق ـ سالامەت بېرىشنىڭ كاپالىتى تۆۋەندىكى پىرىنسىپلارغا ياخشى ئەمەل قىلىشتۇر.

بىرىنچىدىن، ئاللاھ تائالا ئېيتقاندەك، قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يول يورۇقلىرىغا مۇستەھكەم ئېسىلىش. بىلمىگەن مەسىلىلەرنى ئاللاھ تائالا: ‹‹**ئەگەر(بۇنى) بىلمىسەڭلار، ئەھلى ئىلىمدىن سوراڭلار**››{سۈرە«نەھل»(**16** ـ سۈرە)، **43** ـ ئايەت} دەپ ئېيتقاندەك، ئىشەنچلىك، بىلىمدە پىشقان، ئەھلى سۈننەتنىڭ، سەلەپ سالىھلارنىڭ يولىدا ماڭغان ئۆلىمالاردىن سوراپ بىلىۋېلىشتۇر.

ئىككىنچىدىن، ئاللاھ ‹‹**كىمكى توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقا يولغا ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!**››{سۈرە«نىسا»(**4** ـ سۈرە)، **115** ـ ئايەت} دەپ ئاگاھلاندۇرغاندەك، ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەدىن ئىبارەت مۇئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ يولىغا يات بولغان يولدا مېڭىپ قېلىشتىن ساقلىنىش. بۇ ئايەتتە ئېيتىلىۋاتقان ‹‹مۇئمىنلەرنىڭ يولى››نى ئۆلىمالار ‹‹دەل ھەدىستە ئىشارەت قىلىنغان ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ يولىدۇر›› دەپ چۈشەندۇرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، دىن ئىشلىرىدا ئۆز خاھىشىغا، ھېسسىياتىغا تايىنىپ ئىش قىلىشتىن، ئۆز خاھىشىغا تايىنىپ ھۆكۈم قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش لازىم. ئاللاھ تائالا دىننى شەخسى خاھىش بىلەن قىلىدىغان، دىندا ئاساسسىز ھۆكۈم چىقىرىدىغان كىشىلەرنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەن: ‹‹**(ئاللاھ ۋەھيى قىلغان توغرا يولنى قويۇپ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ ھەقىقەتەن زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ**››{سۈرە«قەسەس»(**28** ـ سۈرە)، **50** ـ ئايەت}. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ‹‹**(ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان، ئاللاھ ئازدۇرغان، (ھەقنى) بىلىپ تۇرغان، ئاللاھ قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن، ئاللاھ ئازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ سىلەر(بۇلاردىن) ۋەز-نەسىھەت ئالماسىلەر؟)**››{سۈرە«جاسىيە»(**45** ـ سۈرە)، **23** ـ ئايەت}.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ھەقنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان كىشىلەردىن قىلسۇن، ئىمانىمىزنى ھەرخىل خەتەرلەردىن ساقلىسۇن. توغرا ـ خاتانى ئېنىق پەرقلەندۇرەلەيدىغان رۇشدى ـ ھىدايەت ئاتا قىلسۇن. توغرا يولدىن ۋە ھىدايەتتىن مەڭگۈ مەھرۇم قىلمىسۇن، تېنىمىز ساق، يولىمىز ئاق بولسۇن، ئامىن!

(ئاپتۇر: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى مۇدەررىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)



# رەسۇلۇللاھ ۋەتىنىنى سۆيەتتى، يۇرتىنى سۆيەتتى

ئالىمجان ئابدۇراخمان

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ۋەتەن بىزنىڭ كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن، بىزنى ئىللىق باغرىدا ئەللەيلەپ چوڭ قىلغان، بىزگە چەكسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئانا يۇرتىمىز. شۇڭا بىز ۋەتەن دېگەن سۆزنى چەكسىز ئىپتىخارلىق بىلەن تىلغا ئالىمىز، ۋەتەندىن پەخىرلىنىمىز، ھۆرمەتتىن ھۆرمەت، ئۇلۇغلۇقتىن ئىززەت تاپىمىز. قىسقىسى ۋەتەننى ھېچنېمىگە تەڭ قىلمايمىز.

ئىنسانلار ئانا ۋەتىنىدە تونۇلىدۇ، ئۇنىڭ قوينىدا پاناھلىنىدۇ. ۋەتەندە ئاللاھ ئىنسانغا يۈكلىگەن، شەرىئەتتە بېكىتكەن ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىدۇ، ئەڭ مۇھىمى ۋەتەن ئىنسانغا ئادىمىيلىك خىسلەت ئاتا قىلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن كاتتا نېمىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلاردا ۋەتىنىنى، ئانا يۇرتىنى سۆيىدىغان ھېسسىيات پەيدا بولىدۇ، ۋەتىنىنى ياخشى كۆرۈپ، ۋەتىنىدىن پەخىرلىنىدۇ. شۇڭا كىشىلەر بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى تۈرلۈك شەكىللەردە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

ئادەم ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە باللىرىنى، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىنى سېغىنىدۇ، ياد ئېتىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆزى ياشاۋاتقان يۇرتىنىڭ تاغ-دەريالىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەتەندە توپلىشىپ ياشايدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز ”كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول“ دېگەندەك چوڭقۇر مەنىلىك ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قالدۇرغان.

ھۆرمەتلىك ئەھلى جامائەت، بەلكىم بىز ۋەتەننى سۆيۈش توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلاردا بولۇشىمىز، ۋەتەن ئۇقۇمىغا تۈرلۈك تەبىرلەرنى بېرىشىمىز مۇمكىن. ئىسلامدىمۇ ”ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن“ دەيدىغان مەشھۇر ھېكمەتلىك سۆز بار. دېمەككى، ۋەتىنىنى سۆيمىگەن كىشى ۋەتەنسىز بولىدۇ، ۋەتىنىنى سۆيمىگەن كىشىدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنىڭ ئىش-ھەرىكىتى ئارقىلىق ۋەتەننى، يۇرتىنى سۆيۈشنىڭ مۇھىملىقىنى، ھەرقانداق ئىنساندا مەيلى ئۇنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ۋەتەنگە تەلپۈنۈش ۋە سۆيۈش ھېسسىياتىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، رەسۇلۇللاھنىڭ قىسقىغىنا **63** يىللىق ھاياتىنىڭ **13** يىلى مەككە مۇكەررەمەدە، **10** يىللىق ھاياتى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئۆتكەن. رەسۇلۇللاھ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتىنى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ سۇيىقەستى تۈپەيلى مەككىنى تاشلاپ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كۆچۈپ ماڭغاندا **”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن (مەككە) ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھەقىقەتەن ئەڭ سۆيۈملۈكسەن، ھەم مەن ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان زېمىن، ئەگەر ئۇلار مېنى ھەيدىمىگەن بولسا، مەن ھەرگىزمۇ سېنى تاشلاپ كەتمەيتتىم“** دېگەن (ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان).

رەسۇلۇللاھ مەككە مۇكەررەمەنى چىن قەلبىدىن

سۆيەتتى، ئەينى يىللاردا مەككە مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراش نەتىجىسىدە مەككە مۇكەررەمەدە تۇرۇشقا ئىمكانىيىتى بولماي ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ مەككە مۇكەررەمەدىن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتى مەككىنى ۋە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەدىنىنى سۆيەتتى. ئۇسەيل غەففارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرەتتىن كېيىن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كەلگەندە ئائىشە ئانىمىزنىڭ يېنىغا بارىدۇ. ئائىشە ئانىمىز ئۇنىڭدىن: ”ئې ئۇسەيل مەككە قانداقراق قالدى؟“ دەپ سورايدۇ. ئۇ ئۇسەيل مەككىنىڭ ئەتراپلىرى، مولچىلىق ۋادىلىرى ئاق، ئىزخىر، سومام، سەلىملىرى(مەككەدە چىقىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ ناملىرى) ياپيېشىل، بۈك ـ باراقسان ھالدا قالدى دېگەندە، ئائىشە ئانىمىز ئۇنىڭغا: ”تۇرۇپ تۇرغىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەندە دەپ بەرگىن“ دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇنى كۆرۈپلا: **”ئى ئۇسەيل مەككە قانداقراق قالدى؟“** دەپ سورايدۇ. ئۇسەيل بايىقى گەپنى تەكرارلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **”بولدى سۆزلىمە، يۇرتقا بولغان سېغىنىش ئوتىنى سېلىپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلما“** دەيدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە **”بولدى قىل سۆزلىمە، كۆڭلىمىزنى جايىدا قويغىن“** دەيدۇ(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، ھەرقانداق بىر كىشى ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدىن بىر مەزگىل ئايرىلغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىدۇ. بولۇپمۇ مۇساپىرەتتىكى كىشىلەر ۋەتەن مۇھەببىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. ئۇلار ۋەتەن سېغىنىشىغا چىدىمىغاندا، ۋەتەنگە قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ بارغۇسى، ۋەتەن تۇپرىقىدا يۇمۇلغۇسى كېلىدۇ. مىسالەن، ھەرەم سەپىرى ۋە ۋەتىنىدىن ئايرىلغانلار، بۇ خىل ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى يەنىلا رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنەگە ماڭغان كۈنى مەككىنىڭ چېگراسىدا مەككىگە قاراپ **”ماڭا سېغىندىڭمۇ؟ سېنىڭدىن سۆيۈملۈك ۋە گۈزەل بىر شەھەر يوق، ئەگەر مېنى مېنىڭ قەۋم سېنىڭدىن چىقىرىۋەتمىگەن بولسا سەندىن باشقا يەردە تۇرمىغان بولاتتىم“**(ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان) دېگەن سۆزىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كۆچۈپ بارغاندا ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەنى ئۆزىگە ياخشى كۆرسىتىشنى تىلىگەن. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: **”ئى پەرۋەردىگارىم، بىزگە بۇ يەردە بەرىكەت بېرىشىڭنى تىلەيمەن. ئى رەببىم، بۇ يەرنىڭ مېۋىلىرىنى بىزگە رىزىق قىلىپ بېرىشىڭنى تىلەيمەن. بىزنى بۇ يەردىكىلەرگە، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ياخشىلىقلىرىنى بىزگە دوست قىلىشىڭنى تىلەيمەن“**(تەبەرانى رىۋايەت قىلغان)، ئۇ بۇ دۇئانى ئۈچ قېتىم تەكرار ئوقۇغان. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **”ئى رەببىم، سەندىن بۇ شەھەرنىڭ ياخشىلىقلىرىنى تىلەيمەن، بۇ شەھەرنىڭ يامانلىقلىرىدىن ۋە بۇ شەھەردىكى شەيئىلەرنىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلىشىڭنى تىلەيمەن. ئى پەرۋەردىگارىم، بۇ شەھەرنىڭ مېۋىلىرىنى بىزگە رىزىق قىلىپ بېرىشىڭنى، بىزنى ۋابادىن ساقلىشىڭنى تىلەيمەن. بىزنىڭ بۇ شەھەردىكىلەرگە، بۇ شەھەردىكىلەرنىڭ ياخشىلىرىنى دوست قىلىشىڭنى تىلەيمەن“** دېگەن دۇئانى ئوقۇيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ۋەتەننى سۆيۈشنى ئىمان يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارغا دىننى سۆيۈش بىلەن بىللە ۋەتەننىمۇ سۆيۈشىمىزنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلىگەن ھەمدە ئىش ـ ھەرىكىتى ئارقىلىق بىزگە بۇ جەھەتتە نەمۇنىلىك رول ئوينىغان.

ئاللاھ رەسۇلۇللاھنى يۇرتىدىن ئايرىش بىلەن سىنىدى. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋەتەنىدىن ئايرىپ سىناشتىكى سەۋەبى، ۋەتەننىڭ ئىنسانغا نىسبەتەن قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. رەسۇلۇللاھنىڭ ئانا ۋەتىنىنى سۆيۈشى بەزى ئايەتلەردە يۇرتنى سۆيۈش بىلەن ئۆز جېنىنى سۆيۈش بىر ئورۇندا كەلگەن. يەنە بەزى ئايەتلەردە دىن بىلەن زېمىن مۇھەببىتى بىر ئورۇندا كەلگەن، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **”ئەگەر بىز ئۇلارغا: ‹ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار› دەپ ئەمر قىلغان بولساق ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى“**{سۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، 66 ـ ئايەت}. بۇ ھەقتە يەنە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **”ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن(ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق**

www.uyghurkitap.com



**قىلدۇق**“{سۈرە«ھۇجۇرات»(49 ـ سۈرە)، 13 ـ ئايەت}.

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن ئىنسانلارغا ئانا ۋەتىنىنى سۆيۈش ئۆزىنىڭ جىنىدىنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ئاتا، ھەۋۋا ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكى، ھەممە ئىنساننىڭ مەنبەسى، يىلتىزى بىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بىر جۈپ ئىنسان ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى كۆپەيتكەنلىكى ھەم ئىنسانلار ئىچىدىن كۆپلىگەن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلىشتىكى ھېكمەت بولسا ئىنسان رەببىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش، ئۆزىنىڭ بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققانلىقىنى تونۇش، ئىنسانلار ئۆزئارا ئالاقە ئورنىتىپ ئىنسانلارنىڭ ئىتتىپاق ـ ئىناقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئوخشاش ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئاتا قىلغان ئىكەن شۇڭا ئىنسانلار مەيلى قايسى ئىرقتىن ياكى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ئۆزئارا رەھىمدىل، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ رېئال دۇنيانى گۈزەللەشتۈرۈشتە ئادىل ـ باراۋەر مۇئامىلە قىلالامدۇ؟ قىلالمامدۇ؟ دەپ سىناشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىنسان ۋەتەننى سۆيۈشتە ۋەتەنپەرۋەر بولۇش، ۋەتەننى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ۋەتەن ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىشلارنى قىلىش كېرەك. ھەربىر پۇقرادا مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بولۇش كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزگە ۋەتەن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سانسىزلىغان نېمەتلەرنى بەردى، خۇددى ئاللاھ تائالا قۇرئاندا ئېيتقاندەك ”**ئەگەر ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر**“{سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە)، 18 ـ ئايەت}. دېمەك، ھەقىقەتەنمۇ بىز ۋەتەندە سانسىزلىغان نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىمىز. شۇنداق بولغاچقا بىز ۋەتەننى سۆيۈشىمىز، ۋەتەننىڭ بىزگە بەرگەن ياخشىلىقلىرىغا لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇشىمىز، ۋەتەن ئالدىدا ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى تەڭ ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى بىز بۇ نېمەتلەر ھەققىدە قىيامەت كۈنى سوئال ـ سوراققا تارتىلىمىز.

بىز بىر پۇقرا بولغان ئىكەنمىز سىزنىڭ ئورنىڭىز قانچىلىق يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولسۇن سىزگە ۋەتەن مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن بولىدۇ. سىز ۋەزىپىڭىزنى ئادا قىلسىڭىز ئاللاھ تائالانىڭ بىز ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەتەننى سۆيۈشتىكى ياخشى ئۈلگىسىگە ۋارىسلىق قىلغان، ۋەتەننى سۆيۈش ۋەتەن نېمىتىگە تولۇق جاۋاب قايتۇرغان بولىسىز. شۇندىلا بۇ دۇنيادا جەمئىيەت ئالدىدا، ئاخىرەتتە ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئالدىدا ئورنىڭىز بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ۋەتەننى سۆيۈشتىكى نەمۇنىلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ھەر ۋاقىت ئىلھاملىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگىنىپ، ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتىشىمىز، مۇقىم بولغان جەمئىيەت بەرپا قىلىپ خاتىرجەم ياشىشىمىز، ۋەتىنىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشىمىز، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەتىنىمىزگە بەرىكەت بېرىشىنى، كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىشىنى، شۇنداقلا بىزنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن دوستانە ئىتتىپاق قىلىشنى تىلىشىمىز كېرەك.

سۆزىمىزنى خۇلاسىلىساق، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن ۋەتەنپەرۋەر بولۇشى، ۋەتەننى سۆيۈشى، ۋەتەننى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ۋەتەن ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشىنى، ۋەتەننىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى ئاسراشنى، قوغداشنى، ۋەتەنگە زىيان كەلتۈرمەسلىكنى، ۋەتەنداشلار بىلەن قېرىنداشلارچە ئىناق ئۆتۈشنى، ئىتتىپاقسىزلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار غەيرىي مۇسۇلمانلار بىلەن قارشىلىشىش، ئىسلام، دىن، ئەقىدە، ئېتىقادتا قاتمال ئەسەبىي ئىدىيەلەردە بولۇۋېلىش ۋە يۇرتنى سۆيمەسلىك، بۇ دۇنيا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھارام دېگەنگە ئوخشاش تۈرمۇشقا ئۇيغۇن بولمىغان خاتا كۆزقاراشنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىسلام دىنىمىزدىكى ئوتتۇرھال يول بىلەن مېڭىپ، ئائىلىدە لاياقەتلىك بىر ئاتا ـ ئانا، جەمئىيەتتە ۋەتەننى، ئانا يۇرتنى سۆيىدىغان ياخشى بىر پۇقرا بولۇشىمىز كېرەك.

(ئاپتور: قورغاس ناھىيە لەڭگەر يېزا مەركەز ئىتتىپاق مەسچىتىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: مۇھەممەدئابدۇللا ئۆمەر)



# ئىسلامدا يېتىمغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا

ئەمەتجان ئابلىمىت

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

يېتىم بالا دېيىلسە ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ئېگىگىغا تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋاقىتسىز ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ، يار ـ يۆلەكسىز قالغان قىز ـ ئوغۇل نارەسىدە ئۆسمۈر بالىلار كېلىدۇ. يېتىم بالىنىڭ قۇچىقىدا ئەركىلەپ ئوينايدىغان، خالىغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئالدۇرالايدىغان، كۆيۈمچان ئەڭ يېقىن ئادىمى يوق بولىدۇ. شۇڭا يېتىمنىڭ دىلى سۇنۇق، قەلبى نازۇك، روھىي كەيپىياتى سۇلغۇن، رەڭگى ـ رۇخسارى نۇرسىز، مىجەزى جاھىل، تەبئىيتى ياۋاش، ئەپتى ـ بەشىرىسى قالايمىقان، كىيىنىشى رەتسىز، مۇستەقىل خاراكتېرى تۆۋەن، شەيئىلەرگە بولغان قارىشى يېتەرسىز ۋە تەپەككۇرى ئاجىز كېلىدۇ. ئىسلام دىنى يېتىم بالىغا ناھايىتى مۇھىم ئېتىبار بىلەن ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر دىن. ئاللاھ تائالا ھەربىر مۇسۇلمان ئادەمنى يېتىم بالا بىلەن بولغان بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە ئىسلام ئەھكاملىرى ئارقىلىق، شەرىئەت يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىپ، توغرا بولغان گۈزەل ئەخلاق ئىچىدە ئىجابىي مۇئامىلە قىلىشقا، ئۇنىڭغا ھەقىقىي يوسۇندا كۆڭۈل بۆلۈپ، ياخشىلىق قىلىشقا ۋە ئۇنى رەنجىتمەي ئازار بەرمەسلىككە بۇيرۇيدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ”(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، ’ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش تېخىمۇ ياخشىدۇر. سىلەر ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىساڭلار بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. ئاللاھ (يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى) بۇزغۇچى ۋە تۈزىگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى چوقۇم جاپاغا سالاتتى‘. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر“ {سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 220 ـ ئايەت}. يېتىم بالىلارغا چىن دىلى ۋە مېھرى بىلەن كۆيۈنۈپ ئۇنى قوغدىغان ئاساستا بېشىنى سىلاش ساۋابلىق ئىشتۇر. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”كىم يېتىمنىڭ بېشىنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا سىلاپ ياخشىلىق قىلسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ قولى يېتىمنىڭ بېشىدىن سىيپاپ ئۆتكەن ھەربىر تال چاچنىڭ باراۋىرىگە ياخشىلىق يېزىلىدۇ“( ئىمام

ئەخلاق - پەزىلەت

www.uyghurkitap.com



ئەھمەد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). يېتىم بالىنى تەربىيەلەش، قاتارغا قوشۇش جەريانىدا، ئۇ كىچىكلىك سەۋەبىدىن ئەقىلسىزلىك قىلىپ، ئەخلاقى ناچار بالىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ يامان قىلىقلارنى ئۆگىنىپ ئۇنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالسا، ئۇنى دۇرۇس ئادەم قىلىش، توغرا يولغا باشلاش مەقسىتىدە، كىنايە سۆزلەر ئارقىلىق باشقۇرۇپ چىڭ تۇتسا، توغرا يولغا يېتەكلىسە ھېچ قانداق گۇناھ بولمايدۇ. بىزدە "دادىسى يوقنىڭ بېشى چوڭ، ئانىسى يوقنىڭ پۇتى چوڭ" دېگەن گەپ بار. ئۇرۇق-تۇغقانلار ئىچىدە ۋە ئەل جامائەت ئارىسىدا يېتىم بالا بولسا، تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ كۆزىگە چېلىققاندا ياخشىلىق قىلىمەن دېمەستىن، ئارىلىقى يېقىن ياكى يىراق بولسۇن ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە پات-پات بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋال سوراپ تۇرۇش ئىبادەت قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىندۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "**مەيلى تۇغقىنىڭ ياكى يات بولسۇن، يېتىملەرنى باققۇچى بىلەن مەن جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن تۇرىمەن**" دېگەن. ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى مالىك ئىبنى ئەنەس كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى ئىزدىمىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ**"{سۈرە«قەسەس»(28-سۈرە)، 77-ئايەت}. يېتىم بالىغا ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇقىرى بولىدۇ، خەلق ئۇلاردىن ئىپتىخارلىنىپ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ، ئۇنداق ئادەمنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان ۋە ئەل-جامائەت ئارىسىدا دۆلىتى زىيادە، ئابرۇيى ئۈستۈن بولۇپ مەرتىۋىسى ئۆسىدۇ، دۇنيادىكى ھەرقانداق ئادەم يېتىمغا ياخشىلىق قىلغانلارغا رەھمەت ئاپىرىن ئېيتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، پايدىسى ئۆزىگىدۇر، كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگىدۇر، ئاندىن كېيىن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر**"{سۈرە«جاسىيە»(45-سۈرە)، 15-ئايەت}. يېتىمگە ياخشىلىق قىلىش ئەلۋەتتە دۇنيادىكى ھەربىر دىن، ھەربىر مىللەت ۋە چوڭ-كىچىك ھەممە ئادەم مەمنۇنلۇق ئىچىدە قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان ساۋابلىق ئىشتۇر. مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشى ئارقىلىق گۇناھى ئۆچۈرۈلۈپ تۈگەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر**"{سۈرە«ھۇد»(11-سۈرە)، 114-ئايەت}؛ "**بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۇئمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر**"{سۈرە«سافقات»(37-سۈرە)، 110-، 111-ئايەت}. ھەربىر ئادەمنىڭ ھاياتلىق مەزگىلىدە ئازدۇر-كۆپتۇر ئارزۇ-ئارمانلىرى، ھاۋايى-ھەۋەسلىرى ۋە ئېغىر-يېنىك ھەر خىل ھاجەتلىرى بولىدۇ. بۇنىڭغا يېتىشتە يېتىم بالىلارغا ئېرىنمەي ياخشىلىق قىلىش تۈرتكە بولىدۇ. يېتىمنىڭ سۈيىدە ئېقىپ، ئوتىدا كۆيۈپ، ئۇنىڭ تۈرلۈك چىقىمىنى، ئوقۇش خىراجىتىنى ھەل قىلىپ، يۇقىرى ساپالىق ئادەم بولۇشقا كۈچ چىقىرىپ توي-تۆكۈن قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى ياخشى ئۆتكۈزۈشكە ياردەم قىلسا، نىشان قىلغان مۇرات-مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**قەلبىڭنىڭ يۇمشىشىنى، ھاجىتىڭگە يېتىشنى ياخشى كۆرەمسەن؟ يېتىملەرگە رەھىم قىلىپ، بېشىنى سىلا، يەنى ياخشىلىق قىل، سەن يېگەن تائامدىن بەرگىن، شۇنداق قىلساڭ، قەلبىڭ يۇمشايدۇ، ھاجىتىڭگىمۇ يېتىسەن**" (تەبەرانى رىۋايەت قىلغان). يېتىم بالىلار يۇقىرى سەۋىيە بىلەن ئەتراپلىق تەربىيەلەش شارائىتىغا ئىگە بولمىسا دەۋرگە ماسلىشالمايدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن تەرەققىياتقا يۈزلىنەلمەيدۇ، ئاخىرى خاتا ساداغا قۇلاق سېلىپ ۋە ئەگىشىپ تېز ھالەتتە تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىپ، توغرا بولمىغان ھەر خىل يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ جەمئىيەتتە ئېچىنىشلىق، قەبىھ بولغان بۇزغۇنچىلىق سادىر قىلىپ كىشىلەر سەسكىنىدىغان غۇرۇرسىز ئادەم بولۇپ چوڭ بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق ئادەم بىر ئۆمۈر ھاياتىنى كەيپ-ساپا، ھۇزۇرلۇق ئىچىدە، تەييار تاپ، لاي غەزەل ھالدا ئاشقا تاپسا، نانغا يوق ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. يېتىم بالىغا قىلىدىغان ھەربىر مۇئامىلىدە قىلچە ۋايىسماي ھەم ئۇنىڭغا ھەرگىز قوپاللىق قىلماي ياخشى ئادەم بولسا

كەلگۈسىدە تۇرمۇشىنىڭ باياشات، خاتىرجەم ئۆتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ دىلى سۆيۈندىغان، روھى كەيپىياتى كۆتۈرۈلىدىغان يېقىملىق توغرا سۆز ئارقىلىق ئىلھام بېرىپ، كىيىم - كېچەكنى دەۋرگە لايىق ياخشى تەييار قىلىپ بېرىپ، ئاش - تامىقىنى ۋاقتىدا بېرىپ، پاكىز بېقىپ، ئېتىقادلىق، ئەدەپ - قائىدىلىك، خۇراپاتلىقتىن ۋە بىدئەت ئىشتىن قاچىدىغان، باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ھۆرمەتلىنىشنى تەمە قىلمايدىغان، تىرىشچان، شان - شەرەپ قوغلاشمايدىغان، جەزبىدار، چېچەن، پەزىلەتلىك تەربىيەلەپ، يېگى شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشى ئەتراپلىق، جەسۇر، جەلپكار، روھى جۇشقۇن، ئەقلى ئۆتكۈر، تەپەككۇرى كەڭ، مىجەزى ئوچۇق، ئىش - ئەمگەككە قىزىقىدىغان، ئاق - قارىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئاق كۆڭۈل، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى بۇرچۇم دەپ بىلىدىغان، مەسئۇلىيەتچان جامائەت مۈلكىنى قوغدايدىغان، ساداقەتمەن، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق، ئىرادىلىك، باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىش خاراكتېرى يوق، ئىناقلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان، يېلىنىشتىن يىراق، نومۇسچان، كەڭ قورساق، پەزىلەتلىك. ئىنتىزامچان، مەدەنىيەتلىك، ئەركىن - ئازادە ھەرىكەت قىلالايدىغان، مۇتەئەسسىپلىكتىن خالىي، مۇستەبىتلىككە قارشى، شەرىئەت ۋە قانۇن - تۈزۈمگە رىئايە قىلىدىغان، ئىلىمخۇمار، ئىلىم - پەنگە دائىر بىلىم ۋە كەسىپ ئىگىلىگەن، مەلۇماتلىق، جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە، پىرىنسىپچانلىقى كۈچلۈك، يېڭىلىق ياراتقۇچى نەمۇنىچى، مۇنەۋۋەر كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش بۈيۈك ئىنسانىي خىسلەتتۇر. ئۇنداق بولماي تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىلمىسە، پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ، بىر جەمەتنىڭ، يۇرت - مەھەللىنىڭ، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋېتىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

ئەر ۋە ئايالدىن ئىبارەت ياش كىشىلەردىن قايسىدۇر بىرى تاسادىپىي، ئۇشتۇمتۇت ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالسا، تەقدىرنىڭ پۈتۈلگىنى بويىچە ھاياتى ئاخىرلىشىپ، بالىلىرىنىڭ يېتىم بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **”ئۆزلىرىدىن كېيىن قالىدىغان كىچىك بالىلىرىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلار باشقىلارنىڭ قېلىپ قالغان كىچىك بالىلىرى ئۈچۈنمۇ ئەندىشە قىلسۇن، (يېتىملەرنىڭ ئىشىدا) ئاللاھتىن قورقسۇن ۋە لىللا گەپ قىلسۇن“**{سۈرە«نىسا»(**4** - سۈرە)، **9** - ئايەت}. يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ھامىي بولۇش جەھەتتە ئۇنىڭ مال - مۈلكىگە چېقىلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەپ، بۇزۇپ چېچىۋېتىشتىن ساقلىنىپ، ئۆي - زېمىن، دۇكان - ساراي، باغ - ۋاران، مال - چارۋا، پۇل - پۈچەكلىرىنى يېتىمنىڭ ھامىي(ئاكا - ئىنى، ئاچا - سىڭىل، ھامما - تاغا ۋە ئۇرۇق - ئەۋلاد)لىرى ۋە باشقا ئادەملەر تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىگىلەپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشتىن ساقلىنىش ھىدايەت تاپقانلىقتۇر. نەزەر دائىرىسى تار، ئەقلى پالەچ كىشىلەر ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ يېتىم بالىنى ئىگىسىز كۆرۈپ، ئۇنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى بۇزۇۋېتىدىغان، ھەتتا ئېلىۋالىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **”يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى ناھەق يەۋالغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا(يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان دوزاخقا كىرىدۇ“**{سۈرە«نىسا»(**4** - سۈرە)، **10** - ئايەت}؛ **”سىلەر يېتىمنىڭ مال-مۈلكىگە تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكۈچىلىك يېقىنلاشماڭلار، ئۇنىڭغا پەقەت ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا يېقىنلاشساڭلار بولىدۇ“**{سۈرە«ئەنئام»(**6** - سۈرە)، **152** - ئايەت}. ئىلىم - ھېكمەت ئادەمنى يامان ئىشتىن قول ئۈزۈپ كەمتەر بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئىياز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **”ئاللاھ تائالا مېنى ۋە سىلەرنى كەمتەر بولۇشقا ئەمرى قىلدى“** دېگەن(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). مۇسئەب ئىبنى سەئىد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەئىد ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەردىن ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **”سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەرنىڭ بەرىكىتىدىن ئاللاھ سىلەرگە مەدەت قىلىپ تۇرىدۇ ۋە رىزقىڭلارنى بېرىپ تۇرىدۇ“** دېدى(بۇخارى رىۋايەت قىلغان). بىر ئادەمنىڭ ياخشى ۋە يامانلىقىنى ئۇنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىدىن، ئۇنىۋېرسال ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن، مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىدىن، جەمئىيەتكە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسىدىن، مۇلايىم، يېقىملىق، مېھرىبان،

كۆيۈمچانلىقىدىن ئېنىق بىلگىلى بولسا، يېتىم بالىغا قىلغان ئىجابىي مۇئامىلىسىدىن تېخىمۇ ئوچۇق بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ھەدىس شەرىف ھەرخىل رەۋىشتە يېتىم بالىغا ئۇۋۇال قىلىپ زۇلۇم قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. خۇۋەيلىد ئىبنى ئەمرى خۇزائىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئى ئاللاھ! مەن يېتىم ۋە تۇل ئايالدىن ئىبارەت ئىككى ئاجىزنىڭ ھەققىگە چېقىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرىمەن"**(نەسەئى رىۋايەت قىلغان). يېتىمنى كىچىك ۋە ئاجىز كۆرۈپ نەزەرگە ئالماي كەمسىتىپ ئازار بېرىش ئېغىر گۇناھتۇر. جەمئىيەتكە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، يېتىم بالىلارنىڭ بەزىلىرى ئاتىغا، يەنە بەزىلىرى ئانىغا ئۆگەي بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن يېتىم بالىغا كۆيۈنمەي ۋە ياخشى مۇئامىلىدە بولماي ئەر - خوتۇنلار ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ ئۆيدە جېدەل تۈگىمەيدىغان، ھەتتا ئاجرىشىپ بىر نەچچە يىللىق ئائىلە بۇزۇلۇپ، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ئەر - خوتۇن تەۋەججۇھ قىلىپ ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىلىرىنى يېتىم قىلىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەر ۋە ئاياللار يېتىمنىڭ دىلىنى رەنجىتىشتىن، ئۇنىڭغا تەن جازاسى بېرىشتىن ساقلىنىشى ئوقۇمۇشلۇق بولغانلىقىنىڭ بىشارىتىدىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"يېتىمگە قوپاللىق قىلما"**{سۈرە«زۇھا»(93 - سۈرە)، **9** - ئايەتنىڭ بىر قىسمى}. بەزى بالىلار ئاتا - ئانىسىدىن قاتناش ۋەقەسى، ئوت ئاپىتى، سەل كېلىش، تاغ يىمىرىلىش، ۋۇلقان پارتلاش، دېڭىز تاشقىنى، چاقماق چېقىش، يەر تەۋرەش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق، قوراللىق توقۇنۇش قاتارلىق تۈرلۈك ئاپەتلەر ئارقىلىق يېتىم بولۇپ قالىدۇ، بۇ بالىلارنى تۈگەشتى دېيىش چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"قاچانكى بىر ئادەم پالانى تۈگەشتى، دېسە، ئۇنىڭ ئۆزى ھەممىدىن بەك تۈگىشىدۇ. ۋەيران بولغانلار دېسە ۋە بۇنى چوڭچىلىق قىلىپ كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماي دېسە ھارام بولىدۇ"**(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). بەزى ئادەملەرنىڭ پۇلى بار تۇرۇپ ياخشى ئىش قىلىش يولىغا ئىنتىلمەيدۇ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پۇلى يوق، ئەمما ياخشى ئىش قىلىش يولىغا ئىنتىلىپ تۇرغۇسى كېلىپ تۇرىدۇ، بۇنداق روھنىڭمۇ ئۆزىگە مۇۋاپىق مەنپەئەتى بولىدۇ. يېتىم بالىلارغا ۋە باشقىلارغا ياردەم قىلىش كەيپىياتىنى ياخشىلايدۇ ھەمدە سالامەتلىككىمۇ پايدىلىق. تەتقىقاتتىن ئايان بولۇشىچە، پىدائىيلار پائالىيەتلىرىگە كۆپرەك قاتناشقان ئادەمنىڭ ئاسان سەمرىپ كەتمەيدىغانلىقى، ئۇيقۇسىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى، ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنىڭ ئاشىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. ئادەم كەڭ قورساق، ئاقكۆڭۈل بولۇپ باشقا كىشىلەرگە مېھرى بىلەن كۆيۈنسە، شۈبھىسىزكى، باشقىلار ئۇ كىشىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلالايدۇ. باشقىلارنىڭ ھۆرمەت قىلىشىنى ۋە ياخشى كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلغان ئادەم ئالدى بىلەن كۆپرەك تىرىشىپ مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتلەردە ياخشى ئىش قىلىشى، يېتىم بالىلاردىن يىراقلاشماي ئالاھىدە يوقلاپ مېھرىبانلىق كۆرسىتىش يۈكسەك ئادىمىلىك خىسلەتتۇر. (ئاپتور: قەشقەر شەھەر سەمەن يېزىسى 5 - كەنت 2 - مەھەللە جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمام - خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

**جۇڭگو ئىسلام تورى**

كومپيۇتېر نۇسخىسى:
uyghur.chinaislam.net.cn
يانفون نۇسخىسى:
mu.chinaislam.net.cn
ئۈن - سىن قانىلى:
vu.chinaislam.net.cn
ئۈندىدار نومۇرى:
uychinaislam
ئېلخەت:
jgislamtori@126.com
تېلېفون: 010—59313018



# پەرىشتىلىك كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

ئابدۇقادىر ئابدۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

شەيتان ئاللاھقا ئاسىي بولغان ھەم ئاسىي بولغان سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان مەخلۇق بولۇپ، شەيتاننىڭ ئاللاھقا ئاسىي بولۇشى ئاللاھنىڭ: **''سىلەر ئادەمگە (ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلىڭلار''**{سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، **11** ـ ئايەت} دېگەن بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرمەسلىكى بولۇپ، شەيتاندىن باشقىسى سەجدە قىلغان بولسىمۇ، شەيتان ئادەمگە سەجدە قىلىشتىن باش تارتقان ھەم ئاللاھقا: **''مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق، مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ''**{سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، **12** ـ ئايەت} دېگەن. ئاللاھ ئۇنىڭغا: **''سەن جەننەتتىن ھەقىقەتەن قوغلاندى بولدۇڭ. ساڭا قىيامەت كۈنىگىچە ھەقىقەتەن لەنەت بولسۇن''**{سۈرە«ھىجر»(15 ـ سۈرە)، **34** ـ، **35** ـ ئايەت} دېگەندە، شەيتان ئاللاھتىن قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىشىنى تىلەپ: **''پەرۋەردىگارىم! ماڭا خالايىقلار تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈن(يەنى قىيامەت كۈنى)گىچە مۆھلەت بەرگىن (يەنى مېنى ھايات قالدۇرغىن)''**{سۈرە«ھىجر»(15 ـ سۈرە)، **36** ـ ئايەت} دېگەن ۋە ئاللاھتىن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن ئاللاھقا: **''پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى گۇمراھ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەم باللىرىغا(گۇناھلارنى) ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلۋەتتە ئازدۇرىمەن. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا(يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)''**{سۈرە«ھىجر»(15 ـ سۈرە)، **39** ـ، **40** ـ ئايەت}؛ **''ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئازدۇرىمەن. ئۇلاردىن پەقەت تاللانغان بەندىلىرىڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا(يەنى ئۇلارنى ئازدۇرالمايمەن)''**{سۈرە«ساد»(38 ـ سۈرە)، **82** ـ، **83** ـ ئايەت} دېگەن. ئاللاھ شەيتاننىڭ ئۆز بەندىلىرىنى ئازدۇرالمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: **''شۈبھىسىزكى، مېنىڭ(ئىخلاسمەن) بەندىلىرىم ئۈستىدىن سەن ھۆكۈمرانلىق قىلالمايسەن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر''**{سۈرە«ئىسرا»(17 ـ سۈرە)، **65** ـ ئايەت}. مانا بۇ شەيتان ۋەقەلىكى توغرىسىدىكى قىسقىغىنا بىر بايان.

بىز بۇ ۋەقەلىكتىن شەيتاننىڭ ئادەم ئەۋلادلىرىنى توغرا يولدىن ناتوغرا يولغا، ھەقىقەتتىن ئازغۇنلۇققا چىقىرىش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىيامەتكىچە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. گەرچە شەيتان ئادەم ئەۋلادلىرىنى

www.uyghurkitap.com



ئازدۇرۇشـنى ئوتتۇرىغا قويغـان بولسـىمۇ، سـۆزىنىڭ ئـاخىردا ئـۇلاردىن پەقەت تاللانغـان بەنـدىلىرىڭلا بۇنىڭـدىن مۇستەسـنا(يەنـى ئـۇلارنى ئازدۇرالـمايمەن) دېگەن. بىـز بـۇ نۇقتىغـا دىققـەت قىلىـدىغان بولسـاق، شەيتان ئاللاھقا **''سېنىڭ تاللانغان بەنـدىلىرىڭ''** دېيىش ئارقىلىق بىر تۈركـۈم كىشـىلەرنى ئازدۇرالمايـدىغانلىقىنى ھەم ئۇلارغا يوشۇرۇن ھەرىكەت قوللىنىشتىن ئۈمىـدىنى ئۈزگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.

ئاللاھنىـڭ نەزەرىـدىكى شـەرەپلىك كىشـىلەرنىڭ ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئـارتۇقچىلىقى بولـۇپ، ئـۇلار باسقان ھەربىر قەدىمنى غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئۇنـداقتا، شـەيتان ئازدۇرالمايـدىغان، ئـاللاھ ياخشـى كۆرىدىغان شەرەپلىك كىشـىلەر كىملـەر؟ ئـۇلار قانـداق سـۈپەتكە ئىگە؟ ئـۇلار تۆۋەندىكـىدەك ئالاھـىدىلىك ۋە پەزىلەتكە ئىگە:

**1. ئۇلار ھەر ۋاقىت ئاللاھقا دۇئا قىلىشنى، ئىستىغپار ئېيتىشنى تەرك ئەتمەيدۇ.** ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنـداق دېگەن: **''شۈبھىسىزكى بەندىلىرىمىزدىن بىر تۈركۈم كىشـىلەر: 'پەرۋەردىگارىمىز! بىـز ئىمـان ئېيتتـۇق، بىـزگە مەغپىـرەت قىلغىن، بىزگە رەھـم قىلغىـن، سـەن بولسـاڭ ئەڭ رەھـم قىلغۇچىسەن' دەيتتى''**{سۈرە«مۆئمىنۇن» (23 ـ سۈرە)، 109 ـ ئايەت}.

**2. ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ.** ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **''مېنىـڭ بەنـدىلىرىم سـەندىن مەن توغرىلـىق سورىسـا(ئۇلارغـا ئېيتقىنكـى)، مەن ھەقىـقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن(يەنـى ئۇلارنىـڭ ئەھـۋالىنى، سـۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئـا قىلغۇچىنىـڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىـڭ دەۋىتىمنـى قوبـۇل قىلسـۇن ۋە ماڭـا ئىمـان ئېيتسـۇن(يەنـى ھەمىشـە ئىمـان بىـلەن بولسـۇن)''** {سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 186 ـ ئايەت}.

**3. ئۇلار ھەر ۋاقىت ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلغۇچى، رەھىم قىلغۇچى زات ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ.** ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **''(ئى مـۇھەممەد!) مېنىڭ (مۆئمىن) بەندىلىرىمگە خەۋەر قىلغىنكى، مەن تولىمۇ مەغپىـرەت قىلغـۇچىمەن، ناھـايىتى رەھـىم قىلغـۇچىمەن''** {سۈرە«ھىجر»(15 ـ سۈرە)، 49 ـ ئايەت}.

**4. ئاللاھ ئۇلارغا ھەر ۋاقىـت ھامىي بولىـدۇ، شۇڭا شەيتان ئۇلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن يول تاپالمايدۇ.** ئـاللاھ تائـالا بـۇ ھەقـتە مۇنـداق دېـگەن: **''شۈبھىسـىزكى، مېنىڭ(ئىخلاسمەن) بەندىلىرىم ئۈستىدىن سەن ھۆكۈمرانلىق قىلالمايسەن. پەرۋەردىگارىـڭ ھەقىـقەتەن ھـامىي بولۇشـقا يېتەرلىكتۇر''**{سۈرە«ئىسرا»(17 ـ سۈرە)، 65 ـ ئايەت}.

ئەمدى ئۇلارنىـڭ سـۈپەتلىرىگە كەلسـەك، ئـاللاھ ئـۇلار ھەققـىدە قۇرئـان كەرىمـدە مۇنـداق دېـگەن: **''مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ(ياخشى كۆرىـدىغان) بەنـدىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىـدۇ. نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: سىلەرگە ئامـانلىق تىلەيمـز دەيـدۇ(يەنـى گۇنـاھ بولمايـدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ). ئۇلار كېچىلەرنى پەرۋەردىگارىغا سـەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن(يەنى ناماز ئوقۇش بىـلەن) ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار(يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) ئېيتىدۇ: پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىـن، جەھەننەمنىـڭ ئـازابى ھەقىـقەتەن(سـېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن ئايرىلمايدۇ). جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر. ئـۇلار(يەنـى ئـاللاھ ياخشـى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغانـدا، ئىسـراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرىھال خىراجەت قىلىـدۇ. ئۇلار ئاللاھقا ئىككىنچى بىـر مەبـۇدنى شېرىك قىلمايـدۇ، ئاللاھ ھـارام قىلغـان نـاھەق ئـادەم ئۆلتـۈرۈش ئىشـنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ(گۇناھلا)نى قىلىـدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيـامەت كـۈنى ئۇنىڭغـا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىـدۇ، ئـۇ مەڭگـۈ ئـازاب ئىچـىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت(ئۇلارنىـڭ ئىچىـدىن) (ئـۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، ئـاللاھ ئۇلارنىـڭ گۇنـاھلىرىنى ياخشـىلىققا ئالماشـتۇرىدۇ، ئـاللاھ تولىمـۇ مەغپىـرەت قىلغۇچىـدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر. كىمكـى(گۇناھلىرىغـا) تەۋبە قىلىـدىكەن ۋە ئەمەلنـى تۈزەيدىكەن، ئۇ ئاللاھقا يۈزلەنگەن بولىـدۇ(يەنـى ئـاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىـپ، ئۇنىڭـدىن رازى بولىـدۇ). ئۇلار(يەنى ئاللاھ ياخشـى كۆرىـدىغان بەنـدىلەر) يالغـان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، يامان سۆزنى ئاڭلاپ قالغـان چاغـدا ئالىيجانـابلىق بىـلەن ئۆتـۈپ كېتىـدۇ. ئۇلارغـا پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرى بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىنسـا، گاس، كور بولىۋالمايدۇ(يەنى ئۇنى بېرىلىپ ئىخلاس بىـلەن ئاڭلايدۇ). ئۇلار: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلاتلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشـىڭنى(يەنـى بىـزگە

**ساقا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز. بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى(يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى قىلغىن) دەيدۇ. ئەنە شۇلار سەۋرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە(پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قىلىنغان) دۇئا ۋە سالام بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، جەننەت نېمىدېگەن ياخشى قارارگاھ! نېمىدېگەن ياخشى جاي!"**{سۈرە«فۇرقان»(25 ـ سۈرە)، **63—76** ـ ئايەت}.

مانا بۇ قۇرئان كەرىمدىكى كۆرۈنۈش بولۇپ، ئۇنىڭدا مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى خاتىرىلەنگەن. ئاللاھ مەزكۇر ئايەتلەردە كىشىلەردىن تاللانغان بۇ جامائەنىڭ قىياپەتلىرىنى ۋە تۈرلەرگە بۆلۈنۈشىنى بايان قىلغان.

ئەمدى مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلىرىنىڭ بىر قىسىم سۈپەتلىرى ۋە خىسلەتلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## 1. كەمتەر بولۇش

بىز ئاللاھنىڭ "مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ(ياخشى كۆرىدىغان، شەيتان ئازدۇرالمايدىغان) بەندىلىرى"نىڭ سۈپەتلىرىنى "زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ" دېگەن بۇ سۈپەت بىلەن قانداق باشلىغانلىقىغا قاراپ باقايلى:

**"مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ".**

چۈنكى، مۇشۇ خىل سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ زېمىندىن چىققانلىقىنى، يەنە زېمىنغا قايتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **"سىلەرنى زېمىندىن خەلق ئەتتۇق، (ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن) سىلەرنى يەنە زېمىنغا قايتۇرىمىز(توپىغا ئايلىنىسىلەر)، سىلەرنى(ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يەنە بىر قېتىم زېمىندىن چىقىرىمىز"**{سۈرە«تاھا»(20 ـ سۈرە)، **55** ـ ئايەت}.

ئاللاھ تائالانىڭ سۈرە«ئىسرا»دىكى تەۋسىيەسى مەغرۇرلۇق قىلىشتىن، ھاكاۋۇرلۇق قىلىشتىن، تەكەببۇرلۇق قىلىشتىن، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتىن توسۇش بولۇپ، ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **"سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەر قانچە گىدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلار بىلەن تەڭلىشەلمەيسەن"**{سۈرە«ئىسرا»(17 ـ سۈرە)، **37** ـ ئايەت}. ئاللاھ لوقماننىڭ ئۆز ئوغلىغا نەسىھەت خاراكتېرلىك قىلغان ۋەسىيىتىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېگەن: **"كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلارنى دوست تۇتمايدۇ. ئوتتۇرا ھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يېرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر"**{سۈرە«لوقمان»(31 ـ سۈرە)، **18** ـ ، **19** ـ ئايەت}.

رەسۇلۇللاھ بۇ خىل ھالەتتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **"كىمكى ئۆزىنى كۆڭلىدە چوڭ تۇتسا، ياكى ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ماڭسا، ئاللاھقا ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپلەنگەن ھالەتتە مۇلاقات بولىدۇ. كەمتەر بولۇڭلار، ھېچكىم ئۆزىنى چوڭ تۇتمىسۇن، دەپ ۋەھيى قىلىندى. ئۈچ تۈرلۈك ئادەمگە ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ. ئۇلار: قەسەمخور سودىگەر، قېرى پاھىشىۋاز، ھاكاۋۇر كەمبەغەل"**.

ئاللاھمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **"يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارغا مېنىڭ ئايەتلىرىمنى پەھىم قىلدۇرمايمەن، ئۇلار بارلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار ئەگەر توغرا يولنى كۆرسە، ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ، گۇمراھلىق يولىنى كۆرسە ئۇنىڭدا ماڭىدۇ"**{سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، **146** ـ ئايەت}؛ **"شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ(يەنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەلى ۋە دۇئاسى قوبۇل بولمايدۇ)، تاكى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكىچە جەننەتكە كىرمەيدۇ(يەنى ئۇلار ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ)، گۇناھكارلارغا مۇشۇنداق جازا بېرىمىز"**{سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، **40** ـ ئايەت}.

رەسۇلۇللاھ بۇنداق ناچار ئەخلاقنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: **"سىلەردىن ئىلگىرىكىلەردىن ھاكاۋۇرلۇقتىن ئىشتىنىنى سۆرەپ ماڭىدىغان(قارۇن ئىسىملىك) بىرى بولغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇنى زېمىن يۇتۇۋەتكەن. ئۇ ئادەم قىيامەتكىچە شۇ جايدا ۋارقىرايدۇ"**.

www.uyghurkitap.com



ئاللاھمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ‹‹**قارۇننى ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ئازابىنى دەپئى قىلىدىغان بىر جامائە بولمىدى. قارۇن ئۆزىنى قوغدىيالمىدى**››{سۈرە«قەسەس»(28 ـ سۈرە)، **81** ـ ئايەت}.

رەسۇلۇللاھ كەمتەرلىك ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ‹‹**سەدىقە مالنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ، بەندە ئەپۇچان بولسىلا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەنسىزلىكنى زىيادە قىلىدۇ. بىراۋ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن كەمتەر بولسىلا، ئاللاھ ئۇنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ**››(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

## 2. سەۋرچان بولۇش

‹‹**نادانلار ئۇلارغا(ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز، دەيدۇ(يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)**››{سۈرە«فۇرقان»(25 ـ سۈرە)، **63** ـ ئايەت}.

‹‹**ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ (يەنى قۇلاق سالماي): بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيمىز، دەيدۇ**››{سۈرە«قەسەس»(28 ـ سۈرە)، **55** ـ ئايەت}.

قۇرئان كەرىمنىڭ قارىشىدىكى نادانلار ئاللاھقا ئاسىي بولغان، ھاۋايى ـ ھەۋەسنى ھەقتىن، نەپسانىيەتچىلىكنى دانالىقتىن ئۈستۈن كۆرگەن كىشىلەردۇر. زىلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشنى تەلەپ قىلغاندا، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ مۇنداق دېگەن: ‹‹**ئەگەر ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى مەندىن دەپئى قىلمىساڭ، (ئىنسانچىلىقتا) ئۇلارغا مايىل بولۇپ قالىمەن، نادانلاردىن بولۇپ قالىمەن**››{سۈرە«يۇسۇف»(12 ـ سۈرە)، **33** ـ ئايەت}؛ ‹‹**مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى بىر كالا ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغاندا، ... ئۇلار: بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟ دېدى. مۇسا: جاھىللاردىن(يەنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن) بولۇپ قېلىشتىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھلىق تىلەيمەن، دېدى**››{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، **67** ـ ئايەت}.

ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىر توپ يەھۇدىينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە يامان گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلغان. بىر قىسىم كىشىلەر ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا: ‹‹ئۇلار سېنىڭ يامان گېپىڭنى قىلىۋاتسا، سەن ئۇلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىۋاتىسەنغۇ؟›› دېگەندە، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ‹‹ھەربىر ئادەم ئۆز يېنىكلىكىنى چىقىم قىلىدۇ›› دېگەن.

ئۆمۈر قىممەتلىك، ۋاقىت تېخىمۇ قىممەتلىك. دانالار: ‹‹ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت؛ ۋاقىت ئۆتكۈر قىلىچ بولۇپ، سەن ئۇنى كەسمىسەڭ، ئۇ سېنى كېسىدۇ›› دېگەنگە ئوخشاش ھېكمەتلىك سۆزلەرنى بىزگە مىراس قالدۇرغان. شۇ سەۋەبتىن مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ۋاقىتلىرىنى ياخشىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈشى، ئۆزلىرىنى بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق تۇتۇشى كېرەك. بۇلار بەختكە ئېرىشكەن مۇئمىنلەرنىڭ ئاۋۋالقى سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹**مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. (شۇنداق مۇئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا(ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر**››{سۈرە«مۆئمىنۇن»(23 ـ سۈرە)، 2 ـ، 3 ـ ئايەت}.

ئۇلار قىيامەت كۈنىدە پەزىلەت ئىگىلىرى بولۇشنى ئىرادە قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ‹‹**ئاللاھ قىيامەت كۈنى مەخلۇقاتلارنى يىغقاندا، چاقىرغۇچى پەزىلەت ئىگىلىرى قېنى؟ دەپ چاقىرىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپلا جەننەتكە ئالدىراش ماڭىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، بىز سىلەرنىڭ جەننەتكە ئالدىرىغانلىقىڭلارنى كۆرۈۋاتىمىز، سىلەر كىملەر؟ دەيدۇ. ئۇلار بىز پەزىلەت ئىگىلىرى، دەيدۇ. پەرىشتىلەر سىلەرنىڭ پەزىلىتىڭلار قايسى؟ دەيدۇ. ئۇلار بىز زۇلۇمغا ئۇچرىساق سەۋر قىلاتتۇق، بىزگە ئوساللىق قىلسا، بىز كەچۈرۈم قىلاتتۇق، نادانلىق قىلغۇچىلارغا ئېغىر ـ بېسىق بولاتتۇق، دەيدۇ. ئۇلارغا جەننەتكە كىرىڭلار، ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئەجرى(يەنى جەننەت) نېمىدېگەن ياخشى! دېيىلىدۇ. كېيىن چاقىرغۇچى سەۋر قىلغۇچىلار قېنى؟ دەپ چاقىرىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپلا جەننەتكە ئالدىراش ماڭىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، بىز سىلەرنىڭ جەننەتكە ئالدىرىغانلىقىڭلارنى كۆرىۋاتىمىز، سىلەر**

كىملەر؟، دەيدۇ. ئۇلار بىز سەۋر قىلغۇچىلار، دەيدۇ. پەرىشتىلەر سىلەر قانداق سەۋر قىلاتتىڭلار؟، دەيدۇ. ئۇلار بىز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا چىدامچان بولاتتۇق، ئاللاھقا ئاسىي بولۇشتىن باش تارتاتتۇق، دەيدۇ. ئۇلارغا جەننەتكە كىرىڭلار، ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئەجرى (يەنى جەننەت) نېمىدېگەن ياخشى! دېيىلىدۇ. كېيىن چاقىرغۇچى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ دوستلاشقۇچىلار قېنى؟ دەپ چاقىرىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپلا جەننەتكە ئالدىراش ماڭىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، بىز سىلەرنىڭ جەننەتكە ئالدىرىغانلىقىڭلارنى كۆرۈۋاتىمىز، سىلەر كىملەر؟ دەيدۇ. ئۇلار: بىز ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ دوستلىشاتتۇق، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئۆزئارا يوقلىشاتتۇق، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئۆزئارا كۆيۈنۈشەتتۇق، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئۆزئارا بېرىشەتتۇق، دەيدۇ. ئۇلارغا: جەننەتكە كىرىڭلار، ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئەجرى (يەنى جەننەت) نېمىدېگەن ياخشى! دېيىلىدۇ. ئاشۇلار جەننەتكە كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھ ھېساب ئېلىش ئۈچۈن تارازىنى بېكىتىدۇ.

مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئاشۇ پەزىلەت ئىگىلىرىدىن بولۇشنى ئىرادە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”**ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ**“{سۈرە «فۇسسىلەت» (41 ـ سۈرە)، **34** ـ ئايەت}.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇيەينە مەدىنەگە كېلىپ، جىيەنىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئۇيەينەنىڭ جىيەنى ئۆمەرنىڭ يېقىنلىرىدىن بولۇپ، قارىيلار ياشقا چوڭ بولسۇن، ياكى كىچىك بولسۇن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سورۇنىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرى ئىدى. ئۇيەينە: ”ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئۆمەرنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭ بار، ئۇنىڭ قېشىغا كىرىش ئۈچۈن ماڭا رۇخسەت ئېلىپ بەرگىن“ دېدى. ئۇيەينەنىڭ جىيەنى ئۇيەينە ئۈچۈن رۇخسەت سورىۋىدى، ئۆمەر ئۇيەينەگە رۇخسەت قىلدى. ئۇيەينە ئۆمەرنىڭ قېشىغا كىرىپ: ”ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! سەن بىزگە كۆپ بەرمەيسەن، ئارىمىزدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلمايسەن“ دېدى. ئۆمەر ئاچچىقلىنىپ، ئۇيەينەنى ئۇرۇپ قويغىلى تاس قالدى. ئۇيەينەنىڭ جىيەنى ئۇنىڭغا: ”ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۆز پەيغەمبىرىگە: ’**ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا (يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن (يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن)**‘{سۈرە «ئەئراف» (7 ـ سۈرە)، **199** ـ ئايەت} دەيدۇ، بۇنداق قىلىش ھەقىقەتەن نادانلىق“ دېگەن. ئۇ يەنە: ”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئايەت ئۆمەرگە تىلاۋەت قىلىنغاندا، ئۆمەر بۇ ئايەتتىن ھالقىپ كەتمىدى. ئۆمەر ئاللاھنىڭ كىتابىدا توختايتتى (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئەمەل قىلاتتى)“ دېگەن.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى تۆشۈكتەك مەسچىتىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

**ئەرافات** ــــ مەككە مۇكەررەمە شەھرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدە، مەككىدىن يىگىرمە بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا بولغان، ھەج ئىبادىتىنىڭ پەرزلىرىدىن بىرى بولغان ۋۇقۇف (توختاش، تۇرۇش) ئىبادىتى ئورۇنلىنىدىغان بىر مۇقەددەس يەرنىڭ ئىسمىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ”**پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدا تىجارەت ۋە باشقا ئۇقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەرافاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرامدا (يەنى مۇزدەلىفەدە) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار، ئىلگىرى سىلەر ھەقىقەتەن گۇمراھ ئىدىڭلار (يەنى ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلىشتىن ئىلگىرى گۇمراھ قاتارىدا ئىدىڭلار)**“{سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 198 ـ ئايەت}. ئاللاھ تائالا ئەرەفات كۈنى ئەرەفات مەيدانىدا تۇرغانلاردىن رازى بولىدۇ. ئەرافاتتا ۋۇقۇف قىلغانda قۇرئان ئوقۇش، زىكرى قىلىش، ناماز ئوقۇش، دۇئا قىلىش كېرەك، ئەرافات كۈنى ئەرافاتتا تۇرمىغان كىشىنىڭ ھەجى قوبۇل بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشنىڭ ئالدىدا ئەرافاتتا مەشھۇر ۋىدا خۇتبىسىنى ئوقۇغان. رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىز جەننەتتىن ئايرىلغاندا ئەرافاتتا تېپىشقان بولۇپ، ئۆزئارا تېپىشماق، تونۇشماق مەنىسىدە ”ئەرافە، ئەرافات“ دېيىلگەن.

(تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى






# ئائىلە ۋە ئائىلە كىرىزىسى توغرىسىدا ئىزتىراپلىق ئويلار

ئابدۇمىجىت مۇھەممەد، ئابدۇۋاھىد خۇدابەردى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## ئائىلە بىر رەھمەتتۇر

ئۇلۇغ قۇدرەت ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئەجدادى بولغان ئادەم ئەلەيھىسسالامنى لايدىن ياراتتى. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسى ئالەمدىكى جىمى مەخلۇقاتلاردىن ئۈستۈن بولغانلىقى ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىدى. ئاللاھ تائالا يەنە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن ھەۋۋا ئانىنى ياراتتى ۋە ئۇنى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلاپ بەردى. شۇنداقلا يەنە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك مېھىر-مۇھەببەت پەيدا قىلدى.

**‘‘ئۇ سىلەرنى بىر جاندىن(يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى، (ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۈنسى-ئۈلپەت ئېلىشى ئۈچۈن، خوتۇنىنى(يەنى ھەۋۋانى) ئۇنىڭ ئۆز جىنسىدىن ياراتتى، خوتۇنى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، خوتۇنى يېنىككىنە قورساق كۆتۈرۈپ ئېغىر بوي يۈردى، ئۇ(بالىنىڭ قورساقتا ئۆسۈپ چوڭىيىشى بىلەن) ئېغىرلاشقاندىن كېيىن، (ئەر-خوتۇن) ئىككىيلەن پەرۋەردىگارى ئاللاھقا: ’ئەگەر بىزگە(ئەزالىرى) بېجىرىم پەرزەنت ئاتا قىلساڭ، نېمىتىڭگە ئەلۋەتتە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز‘ دەپ دۇئا قىلدى’’**{سۈرە«ئەئراف» (7 ـ سۈرە)، **189** ـ ئايەت}.

**‘‘ئايالlar بىلەن ئۈنسى-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن(ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن يارىتقانلىقى، ئاراڭلاردا(يەنى ئەر-خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ(كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار’’**{سۈرە«رۇم»(**30** ـ سۈرە)، **21** ـ ئايەت}.

ئېنىقكى، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ يارىلىشىدا ئاجايىپ چوڭقۇر ھېكمەتلەر مەۋجۇت ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ھەۋۋا ئانا

ئىسلام دىنى ۋە ئائىلە

ئۆز تېنى ۋە جېنىنىڭ بىر پارچىسى، ئارزۇلاپ ئېرىشكىنى، شادلىق، ھۇزۇر، مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ۋە ئىنسانىي قەدىر - قىممەت بېغىشلىغۇچىسى، نېمەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىدى، يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ھەۋۋا ئانا ئارقىلىقلا مۇكەممەل ئىنسان بولالايتتى. ھەۋۋا ئانا ئۇچۇن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تاغدەك زور يۆلەنچۈكى، مېھىر - مۇھەببەت ۋە خۇشاللىق بەخش ئەتكۈچىسى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ۋاپادار دوستى ۋە ھەمراھى، بارلىق خېيىم - خەتەر، دەرد - كۈلپەتلەردىن قوغدىغۇچى پاسبانى، ئۆمۈر بېغىنى پەرۋىش قىلغۇچى باغۋەنى، ئۇمىد مەشئىلى ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامسىز ھەۋۋا ئانا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇلار ھەربىرى يەنە بىرسىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايتتى. قىسقىسى، ئۇلار كۆرۈنمەس رىشتە بىلەن مەڭگۈ بىر - بىرىگە باغلانغان ئىدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ ئائىلىسى ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئائىلىسى ئىدى. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ ئالەمدىكى پۈتۈن ئىنسانلار ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن كۆپەيدى.

ئائىلە ئىنسانلارغا ھەقىقىي ئادىمىلىك بېغىشلايدىغان تۇنجى مەكتەپ، ھاياتلىق سەپىرىدىكى بىرىنچى بېكەت ۋە مۇقەددەس قورغان. ئەر بىلەن ئايال ئۆزئارا نىكاھلىنىپ، بىر ئائىلىدە ياشىغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي بەختكە ئېرىشەلەيدۇ. ئۆز قەدىر - قىممىتىنى، ئالەمدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىززەت - ئابرۇيى ۋە شان - شەرىپىنى قوغدىيالايدۇ. ھاۋايى - ھەۋەستىن، گۇناھ - مەئسىيەتلەردىن ساقلىنالايدۇ. ھاياتلىق سەپىرىنى بىرلىكتە خاتىرجەم داۋاملاشتۇرالايدۇ. ئاللاھقا ھەقىقىي قۇلچىلىق قىلالايدۇ. پەرزەنت قالدۇرۇپ ئەجدادىنى ئەۋلادقا ئۇلىيالايدۇ. پەرزەنتلىرىگە ياخشى تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بارالايدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى ئائىلىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇ ھەقتە نەچچە يۈز ئايەت، ھەدىس بار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئەگەر ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە مېھىر بىلەن قارىسا، ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارغا رەھمەت نەزەرى بىلەن قارايدۇ. ئەگەر بىر-بىرىنىڭ قولىنى تۇتسا، بارماقلىرى ئارىسىدىن گۇناھلىرى تۆكۈلىدۇ.** ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ ئۆز ئايالى بىلەن بىرگە بولۇشىمۇ سەدىقە"** دېۋىدى، كىشىلەر: "ئى رەسۇلۇللاھ! بىراۋ ئۆز شەھۋىتىنى قاندۇرسىمۇ ساۋاب بېرىلەمدۇ؟" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر ئۇ شەھۋىتىنى ھارام يول بىلەن قاندۇرسا، ئۇنىڭغا گۇناھ بولامدۇ؟ (ئەلۋەتتە بولىدۇ)، شۇنىڭدەك، شەھۋىتىنى ھالال يول بىلەن قاندۇرسا، ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلىدۇ"** دېدى( مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

### پاكىت سۆزلىسۇن

مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلىسىدە ھەمىشە بەخت قۇياشى پارلاپ تۇرىدۇ. بىراق، بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمان خەلقىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان ئائىلە كىرىزىسى كىشىنى ئازابلايدۇ، ئىزتىراپقا سالىدۇ. مەلۇم بىر ناھىيەنىڭ ناھىيەلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا يېقىنقى بىرقانچە يىل ئىچىدە ناھىيە بويىچە نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ئورنىغا تىزىملىتىپ نىكاھ گۇۋاھنامىسى بېجىرىپ توي قىلغانلار:

| يىل | ئەر - ئايال |
|---|---|
| 2006 - يىلى | 2056 جۈپ ئەر - ئايال (4112ئادەم) |
| 2008 - يىلى | 3000 جۈپ ئەر - ئايال (6000ئادەم) |
| 2009 - يىلى | 3175 جۈپ ئەر - ئايال(6350 ئادەم) |
| 2010 - يىلى | 3133جۈپ ئەر - ئايال (6266ئادەم) |

بۇ تۆت يىل جەريانىدا ناھىيە بويىچە نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ئورنىغا بېرىپ نىكاھتىن ئاجراشقانلار:

| يىل | ئەر - ئايال |
|---|---|
| 2006 - يىلى | 453 جۈپ ئەر - ئايال (906 ئادەم) |
| 2008 - يىلى | 650 جۈپ ئەر - ئايال (1300 ئادەم) |
| 2009 - يىلى | 812 جۈپ ئەر - ئايال (1624 ئادەم) |

www.uyghurkitap.com



| | |
|---|---|
| 2010 ـ يىلى | 831 جۈپ ئەر ـ ئايال (1662 ئادەم) |

تېخى بۇ خەلق سوت مەھكىمىسىدە ئاجراشقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى قىياس قىلىش مۇمكىنكى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئىسلام مەدەنىيىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بىر ناھىيەدە يېقىنقى بەش يىل جەريانىدا ھەر يىلى نىكاھتىن ئاجرىشىدىغانلار شۇ بىر يىل ئىچىدە يېڭىدىن توي قىلىپ ئائىلە قۇرغانلارنىڭ تەخمىنەن بەشتىن بىرىنى ياكى تۆتتىن بىرىنى ئىگىلىگەن ھەم نىكاھتىن ئاجرىشىدىغانلار يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيگەن. بۇ ئەھۋال دىيارىمىزدىكى بارلىق ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئومۇمىيۈزلۈك ۋەكىللىك قىلالايدۇ دەپ كېسىپ ئېيتالمىساقمۇ، تامچە سۇدىن قۇياش ئەكسىنى كۆرگىلى بولغاندەك، بۇگۈنكى كۈندە بىزدە نىكاھتىن ئاجرىشۋاتقانلارنىڭ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە كۆپىيىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئاجرىشىدىغانلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىشى جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ بۇزۇلۇشى، تىنچلىق ۋە ھۇزۇرنىڭ يوقۇلۇشى دېمەكتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ قانداق چارىسى بار؟ مانا بۇ نۆۋەتتە ھەممىمىز جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مەسىلىدۇر.

## لايىق تاللاش مەسىلىسى

ئوغۇل بولسۇن ياكى قىز بولسۇن، جۆرە تاللاش پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بىز بەندىلەرگە بەرگەن ئەڭ چوڭ ھوقۇقتۇر. بۇ ھوقۇققا ھېچكىم قارشى چىقالمايدۇ. ئەگەر دىنىي زۆرۈرىيەت بولمىسا، بۇ ھوقۇققا قارشى چىققۇچىلار ئېغىر گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ. بالاغەتكە يەتكەن قىز ـ ئوغۇل ياكى قايتا توي قىلىدىغان ئەر، ئايال مۇشۇ ھوقۇقنى جايىدا ئىشلىتەلىسىلا، بەختلىك ئائىلە قۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ، ئىنشائاللاھ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"خوتۇن ئېلىشتا ئايال كىشىنىڭ پۇل-مېلى، شان-شەرىپى، ھۆسن-جامالى ۋە دىيانىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دىيانەتلىك خوتۇننى ئالغىن، ئاللاھ سېنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلىدۇ"**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئەمەلىيەتتە بۇ ھەدىس يىگىت(ئەر) بىلەن قىز(ئايال)نىڭ ھەر ئىككىلىسىگە بېرىلگەن يوليورۇق ۋە خۇش بېشارەت بولۇپ، ئۆزىگە باب كېلىدىغان ھەمراھ تاللاشتا دىيانەتنى ئالدىنقى شەرت قىلىش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. ئەگەر بىر ئىنساندا دىيانەت، يەنى تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاق بولىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ ئىنساندىن بىلىم، جاسارەت، ئادىللىق، ئادەمگەرچىلىك، قانائەت، مەردلىك، ۋاپادارلىق، سەۋر ـ تاقەت... قاتارلىق نۇرغۇن ئېسىل خىسلەتلەر تېپىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا دىيانەت، يەنى گۈزەل ئەخلاق ئىنساندىكى نۇرغۇن ئېسىل خىسلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: "(**ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن**"{سۈرە«قەلەم»(68 ـ سۈرە)، 4 ـ ئايەت} دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيەلىگەن.

ئىنساننىڭ پۇل ـ مېلى بىلەن شان ـ شەرىپى باشقىلاردىن مىراس قېلىش ياكى تاسادىپىي ئامەتلەر بىلەن ئاسانلا قولغا كېلىشى مۇمكىن. ھۆسن ـ جامالمۇ ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلغان ئىنئامى بولۇپ، ھېچكىم ئۆز چىرايىنى تاللىيالمايدۇ. ئەمما دىيانەتنى ھەركىم ئۆزى يېتىلدۈرىدۇ. دىيانەتلىك ئىنسانلارنىڭ شان ـ شەرەپ بىلەن پۇل ـ مالنى قولغا كەلتۈرۈشى ئانچە قىيىن ئەمەس. دىيانەتسىز ئادەم ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ ئەل ـ جامائەت ئىچىدە ئېتىبارى بولمايدۇ. دىيانەتلىك ئىنسان ئالدى بىلەن ئاللاھتىن قورقىدۇ، ھەرقانداق ئەمەلنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىشقا تىرىشىدۇ. خاراكتېرى، ياشاش مىزانى، ئارزۇ ـ غايىسى، جۈملىدىن ئائىلە قارىشى، ئائىلىگە كۆيۈنۈشى ياخشى بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، دىيانەتنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ تۇرمۇش قۇرغان ئەر ـ ئاياللارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىششى كەمدىنكەم يۈز بېرىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر ئۆز ئائىلىسىنى ساقلاپ قېلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ.

يۇقىرىقى ھەدىستە دىيانەتلىك خوتۇن ئېلىش توغرىسىدا ئەرلەرگە كۆرسەتمە بېرىلگەن. شۇنىڭدەك، ئاياللارمۇ يېڭى ئائىلە قۇرۇش ئۈچۈن ھەمراھ تاللاشتا

دىيانەتنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى كېرەك. مۇئمىن ئايالLارنىڭ مۇئمىن ئەرلەرگە لايىق ئىكەنلىكى توغرىلىق ئايەتلەر بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلى. گەرچە ئايالLارنىڭ لايىق ئىزدىشى ۋە توي قىلىش تەكلىپىنى قويۇشى زور چەكلىمىگە ئۇچرىسىمۇ، لېكىن قانداق ئەرگە تېگىش ئەركىنلىكى، ئەلچى قويغان ئەرنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش ياكى چىرايلىقچە رەت قىلىش هوقۇقى بار. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن: ”ئى رەسۇلۇللاھ، ئاياللاردىن ئۆز نىكاھىدا مەسلىھەت سورىلامدۇ؟ دېسەم، رەسۇلۇللاھ: ھەئە، دەپ جاۋاب بەردى. مەن قىزلاردىن مەسلىھەت سورالسا نومۇس قىلىپ جىم تۇرۇۋالىدۇ، دېسەم، رەسۇلۇللاھ: ”**سۈكۈت قىلغىنى رۇخسەت قىلغىنى**“ دېدى(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

خىزام ئەنسارىنىڭ قىزى خەنسادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ چوكان چېغىدا ئاتىسى ئۇنى ئەرگە بەرگەن، خەنسا بۇنى ياقتۇرماي رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلگەن، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ نىكاھىنى قايتۇرۇۋەتكەن (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقى ھەدىسلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۆز هوقۇقىنى قەدىرلەپ، ھالال جۈپتىنى توغرا تاللىيالىغانلار ئائىلە قۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ياخشى باشلىغان بولىدۇ. ئەمما زامانىمىزدا بەزىلەر بۇ شەرتكە ئەمەل قىلمايدۇ، پەرۋا قىلمايدۇ ياكى مۇتلەق كېرەك قىلمايدۇ. ئۇلار كۆپ ھاللاردا پۇل ـ مال، شان ـ شەرەپ ياكى ھۆسن ـ جامالنى ئالدىنقى ئورۇنغا، دىيانەتنى ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئائىلىلەردە ئىناقلىق ۋە بەرىكەت بولمايدۇ، ئۇرۇش ـ جېدەل قۇرۇلمايدۇ، ھەتتا ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىنى دۈشمەندەك كۆرىدۇ، ئاندىن بۇ ئائىلە گويا جەھەننەمگە ئايلىنىدۇ، ئاجراشمىغۇچە بۇنىڭدىن قۇتۇلالماس ھالغا كېلىدۇ. ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا كەتمەيدۇ، توي قىلىشتىن ئىلگىرى بىر ـ بىرىگە تەلپۈنۈپ تۇرغان يۈرەكلەر ئاجراشقاندىن كېيىن يارا بولىدۇ، باللار يېتىم بولىدۇ. تېخى تۇنۇگۈن قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان قىز ئاجراشقاندىن كېيىن سولغۇن تىكەنگە، ئوتى ئۆچكەن كۈلگە ئايلىنىدۇ. بىر مەزگىل، ھەتتا ئۆمۈر بويى توي قىلالماي ئازابلىنىدۇ. ”تۇل خوتۇن كۈل خوتۇن“ دېگەندەك، كېيىنكى ھاياتنى مۇھەببەتسىز، يار ـ يۆلەكسىز، مەنىسىز ئۆتكۈزىدۇ. خوتۇنى بىلەن ئاجراشقان ئەرنىڭ ھالىمۇ خوتۇنىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. خوتۇن ـ بالا، ئائىلە دېگەندىن كۆڭلى قالغانلىقى ئۈچۈن چۈشكۈنلىشىدۇ. مەسئۇلىيەتسىز، غايىسىز بىر لاماكانغا ئايلىنىدۇ. ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمەيدۇ، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ يۈرىكى لەختە قان بولىدۇ، قۇدا ـ باجىلار ئوتتۇرىسىدا تۈگىمەس ئاداۋەت ـ ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ. . .دېمەك، دەسلەپتە خاتا بېسىلغان بىر قەدەم ئاخىرى بېرىپ پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. مانا بۇ بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ كۆپ يۈز بېرىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر.

## مەھر( تويلۇق ) مەسلىسى

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**مەھرىنىڭ(تويلۇقنىڭ) ئاز بولغىنى ئەڭ ياخشى بولغىنىدۇر**“( ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان).

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**خوتۇننىڭ ياخشىسى مەھرى ئاز بولغىنىدۇر**“( ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان).

ئائىلە سورۇقچىلىقنىڭ كۆپ يۈز بېرىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ يۇقىرىقى ھەدىسلەرگە پەرۋا قىلماسلىقىدىندۇر. بۈگۈنكى كۈندە قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپتىن بىر پاتمان مال ـ دۇنيا تەلەپ قىلىدۇ. قىز گەرچە يىگىتنىڭ ھالىنى، ئۇنىڭغا كۆڭلى بارلىقىنى، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە مەيلى بارلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ھەر خىل بېسىم، ئادەتلىنىپ كەتكەن جاھىللىق، ۋەسۋەسە تۈپەيلىدىن مەھرىنى ئازايتىشقا قوشۇلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت نۇرغۇن چىقىمدار بولىدۇ، پۇل تېپىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قاترايدۇ، كىملەرگىدۇر بويۇن قىسىپ يېلىنىشقا، يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. تويلۇقنىڭ ئېغىرلىقىدىن يېنىشىپمۇ كېتىدۇ، قەرزگە چىدىغانلىرىنىڭ بىر مۇنچىسى ئۇزاققا بارماي ۋەيران بولىدۇ ياكى ئۇزاققىچە قەددىنى رۇسلىيالمايدۇ. ئېغىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تويلۇق تۇپەيلىدىن تالاي ئوغۇللار ئوتتۇز ياشتىن ھالقىغىچمۇ توي قىلالمايدۇ. ئاندىن سەۋر قىلالماي زىنا قىلىشقا، ھەرخىل ناتوغرا يوللاردا مېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ. قىزلارمۇ ناھەقتىن ناھەق ”قېرى قىز“ بولۇپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، گۈزەل ياشلىقىنى جاھىل ئادەتنىڭ قۇربانى قىلىۋېتىدۇ، ئاندىن مەزگىلسىز قېرىشقا باشلايدۇ، بەزىلىرى ھەتتا شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ زىنا قىلىدۇ... بۇنىڭ مىساللىرى يۇرت - يۇرتلىرىمىزدا، كۆز ئالدىمىزدا قەدەمدە بىر ئۇچرايدۇ.

بىر مۇنچە بەدەل تۆلەپ بىر قىزنى ھەقلەپ نىكاھىغا ئالغان ئەرنىڭ توي كۈنىسى كەچكىچە تەگتۈشلىرى بىلەن ھاراق ئىچىپ، ئاخشىمى قىزنىڭ يېنىغا غەرق مەست كىرىشى؛ ئىقتىسادىي بېسىمدىن قۇتۇلالماي، بارلىق دەردىنى ھاراقتىن ياكى خوتۇندىن ئېلىشى؛ قىز - يىگىتنىڭ بىر مەزگىل ئارىلىشىپ يۈرۈپ، نىكاھسىز بىللە بولۇپ، قىزنىڭ كۈرسى چۈشكەن، چاتىقى چىققان ياكى بويىدا قالغاندا، ئەرزان توي قىلىپ خوتۇن قىلىۋېلىشى... قىسقىسى، تويلۇقنىڭ ئېغىرلىقىدىن قېچىپ، قەستەن ياكى ئىختىيارى قىلىنىۋاتقان بارلىق بولمىغۇر ئىشلارمۇ ئائىلىنى بۇزۇلۇشقا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر.

## ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيتى

ئاللاھ تائالا ئەرلەرنى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلىپ ياراتقان. ئەرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقلىرى باردۇر، ئەمما بۇ ئەرلەر ئاياللاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى مەسئۇلىيەت جەھەتتىن ئاياللاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دېگەنلىك.

**”(ئاياللارغا مەھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە“** {سۈرە «بەقەرە» (2 - سۈرە)، **228** - ئايەت}.

**”بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق، ئۇلار(يەنى پەيغەمبەرلەرگە چىنپۈتمىگۈچىلەر) يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئاخىرەت يۇرتى تەقۋادارلىق قىلغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، سىلەر چۈشەنمەمسىلەر“** {سۈرە «يۇسۇف» (**12** - سۈرە)، **109** - ئايەت}.

ئاللاھ تائالا ئەرلەرنى ئاياللاردىن پەرقلىق يارىتىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇلارنىڭ زىممىسىگە بىرمۇنچە مەسئۇلىيەتنى يۈكلىگەن. ئەر تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، ئايالىنى ئامانەت دەپ بىلىپ قوغدىشى، ئاسرىشى، سۆيۈشى، ئۇنىڭ دىيانىتى، ئىززەت - ئابرۇيى، شەرم - ھاياسى، سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا مەنىۋى ئېھتىياجىنى قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە تولۇق قاندۇرۇشى لازىم. ئايالىنىڭ قەلبىدە ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئوبرازىنى تىكلەپ، ھېچقاچان ۋە ھېچكىمگە بويۇن قىستۇرماسلىق كېرەك. بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى ياخشى ئادا قىلالىغان ئەرلەرنىڭ ئائىلىسىدە ئاياللار كۆڭۈللۈك ياشايدۇ، نىكاھتىن ئاجرىشىش ناھايىتى ئاز كۆرىلىدۇ.

ئەگەر ئەر كىشى توي قىلغاندىن كېيىن ئايالىنىڭ بەزى خۇي - پەيلىنى ياقتۇرمىسا سەۋر قىلىشى، دۇنيادا ئەيىب - نۇقسانى يوق بىرمۇ ئادەم بولمايدىغانلىقىنى، جۈملىدىن ئۆزىنىڭمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەسلىكىنى ئويلاپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىشى، شۈكرى - قانائەت قىلىشى كېرەك. كىملەرنىدۇ ئۆز ئايالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ھەدىسىلا ئايالىدىن قۇسۇر ئىزدىمەسلىكى، ئايالىنى ئۆز خاسلىقى، ھەتتا ئۆز كەمچىلىكى بىلەن بىللە ياخشى كۆرۈشى كېرەك، مانا بۇ مەرتلىكتۇر، ھىممەتتۇر، پەزىلەتتۇر.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشۇڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن، قوۋۇرغىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمى ئەڭ ئەگرى كېلىدۇ، چۈنكى ئاياللار ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان. ئۇنى رۇسلايمەن دېسەڭ، سۇندۇرۇپ قويىسەن، قويۇپ قويساڭ، ئۆز پېتى تۇرۇۋېرىدۇ“** (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: **”بىر مۇئمىن ئادەم يەنە بىر مۇئمىن ئايالنى يامان كۆرمىسۇن، ئۇنىڭدا ئۇ كىشى ياقتۇرمايدىغان ئەخلاقتىن بىرسى تېپىلسا، ياقتۇرىدىغان ئەخلاقتىنمۇ بىرسى تېپىلىپ**

**قالىدۇ‘‘**( مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) .

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **’’ئاللاھ تائالا يولىدا بىر دىنارنى سەرپ قىلساڭ، قۇل ئازاد قىلىشتا بىر دىنار سەرپ قىلساڭ، مىسكىنگە بىر دىنار سەرپ قىلساڭ، ئائىلەڭگە بىر دىنار سەرپ قىلساڭ، مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىن ئائىلەڭگە سەرپ قىلغان دىنارىڭنىڭ ساۋابى ئەڭ كاتتا بولىدۇ‘‘**( مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) .

ئەر كىشى ئائىلىدە بولغان چاغلىرىدا ئايالىنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە ياردەملىشىپ بېرىشى، ئېغىرىنى كۆتۈرۈشى لازىم. بۇنداق قىلىش ئايالىنىڭ ئېرىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئەر كىشىنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلغانلىق بولمايدۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ئەر كىشىنىڭ ئائىلىدىكى ئوبرازىغا نۇقسان يەتمەيدۇ، بەلكى تېخىمۇ يۇكسىلىدۇ.

ئىبراھىم ئەسۋەددىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيدە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىغان ئىدىم. ئائىشە: رەسۇلۇللاھ ئۆي ئىچىدە بولغان چاغدا ئۆينىڭ ئىشلىرى بىلەن بولاتتى، ناماز ۋاقتى بولۇپ قالسا، تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى، دېگەن.

بۇگۈنكى كۈندە نۇرغۇنلىغان ئەرلىرىمىز ئائىلىسىدە بولغان چاغلىرىدا ھەدىسىلا ئۆزىنىڭ ئەرلىكىنى پەش قىلىپ، ئۆينىڭ ھەممە ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرىنى خوتۇنلىرىغا تاشلاپ قويىشىدۇ. ئەدناسى سەھرادىكى ئائىلىلەردە ئوتۇن يېرىپ بېرىش، خوتۇنى يېتىشەلمىگەن چاغلاردا ئۆستەڭ، بۇلاق ياكى قۇدۇقلاردىن سۇ ئەكىرىپ بېرىش، قوتاندىكى قوي ـ كالا ياكى توخۇ ـ كەپتەرلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش؛ شەھەرلەردە بولسا ئۆيگە گۆش ـ ياغ، ئۇن ـ گۈرۈچ، كۆكتاتلارنى ئەكىرىپ بېرىش، پەرزەنتلىرىنىڭ غەۋغاسىنى تىڭشاش، ئايالى ئاغرىپ قالغان مەزگىللەردە ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئاش ـ تامىقىدىن خەۋەر ئېلىش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ بىپەرۋالىق قىلىدۇ. ئۆزلىرىچە بۇ ئەرلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس دەپ يوغانچىلىق قىلىشىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئايالىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. مۇشۇ ئىش تۈپەيلى نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئۇرۇش ـ جېدەل كۆپىيىدۇ، ھەتتا بىر ئىللىق ئائىلە ۋەيران بولىدۇ. نۇرغۇن ئەرلەر ئۆز كۆڭلىدە ئايالىنىڭ ناھايىتى مۇكەممەل بولۇشىنى ئويلايدۇ، ئۇلارغا ھەمىشە يۇقىرى تەلەپ قويۇشىدۇ. ئۇلاردىن زىيادە مېھىر ـ مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ساداقەت كۈتۈشكىمۇ، ئۇلارنىڭ ئېرى ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىشىنى ئۈمىد قىلىشىدۇ ـ يۇ، ئەمما ئۆزلىرى ئايالىدىن تەلەپ قىلغانىنىڭ ھەممىسىنى ياكى ھېچ بولمىسا يېرىمىنى ئۇنىڭغا بېرەلمەيدۇ. ئايالىغا ئەپۇچان، كەڭ قورساق مۇئامىلىدە بولمايدۇ.

ساھابىلەردىن بىرى ئايالىدىن شىكايەت قىلىش ئۈچۈن خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۇزۇرىغا بارغانىدا، خەلىپىنىڭ ئايالىنىڭ خەلىپىگە گەپ ياندۇرغىنىنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا يانىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كىشىنى كۆرۈپ قېلىپ چاقىرىپ كېلىدۇ ـ دە، نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەتكىنىنى سورايدۇ. ھېلىقى ساھابە: ’’ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئايالىم ھازازۇل بولغانلىقتىن سىزگە شىكايەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدىم، لېكىن ئايالىڭىزنىڭ سىزگىمۇ گەپ ياندۇرغىنىنى ئاڭلاپ، خەلىپىنىڭ دەردىمۇ مەنىدىن كەم ئەمەسكەن، دەپ ئارقامغا ياندىم‘‘ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ’’قېرىندىشىم، ئاياللىرىمىز ئۆيلىرىمىزنى سۈپۈرىدۇ، كىيىم تىكىپ ئۈستىمىزگە كىيدۈرىدۇ، يېمەك ـ ئىچمەكنى ھازىر قىلىدۇ، كىرلىرىمىزنى يۇيىدۇ، باللىرىمىزنى تەربىيەلەپ ئۆستۈرىدۇ، ئېغىر كۈنلەردە كۆڭلىمىزگە تەسەللى بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ بىزگە سىڭدۈرگەن ئۇلۇغ ئەجىرلىرى بار. دىنىمىزغا زىيان كەلتۈرمىگەن ھالدا ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن بەزى ۋاقىتلاردا ھۆرمىتىمىزنى بەجا كەلتۈرۈش جەريانىدا بىرەر كەمچىلىك سادىر قىلسا، ئۇنى ئەپۇ قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟‘‘ دېگەنىكەن.

ئەر كىشى نىكاھىدا بولمىغان قىز( ئايال)لارغا، مەيلى ئۇ قانچىلىك چىرايلىق بولسۇن كۆز تىكمەسلىكى، ھالال جۈپتى بولغان ئايالىغا خىيانەت قىلماسلىقى، زىنادىن مۇتلەق ھەزەر ئەيلىشى، سىناققا دۇچ كەلگەندە بولسا ئاللاھ تائالادىن قورقۇشى لازىم. ئەمما ئارىمىزدا نۇرغۇن ئەرلەر باركى، ھاۋايى ـ ھەۋەس ئوتىغا خۇددى پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئۇرىدۇ، زىنا قىلىشنى ئويۇن ئورنىدا كۆرىدۇ. زىنانىڭ ئىسلامدا نەقەدەر ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى، ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆكۈش، ئائىلىنى ۋەيران قىلىشتىن باشقا پايدىسى يوقلۇقىنى بىلمەيدۇ ياكى چۈشەنمەيدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىمكى بىراۋنىڭ ئايالىنى ياكى قۇلىنى ئالداپ يولدىن چىقارسا ئۇ بىزدىن ئەمەس"** (ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: **"گۇناھلار ئىچىدە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن كېيىن تۇرىدىغان چوڭ گۇناھ ئۆزىنىڭ ھالال جۈپتىدىن باشقا ئايالغا شەھۋەت سۈيىنى سەرپ قىلىشتۇر"**.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئۈچ تۈرلۈك ئادەمگە قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھتىن پاكلىمايدۇ. ئۇلارغا رەھمەت نەزەرى بىلەن قارىمايدۇ. ئۇلار: قېرى پاھىشۋاز، يالغانچى پادىشاھ، تەكەببۇر كەمبەغەل"** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھتىن قورقۇپ، ھارامغا يېقىن يولىمىغان، زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ياخشى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتەلىگەن ئەرلەرنىڭ ئائىلىسىگە ئاللاھ تائالا رەھمەت نەزەرى بىلەن قارايدۇ، بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ. بۇنداق ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، لېكىن مەنىۋى جەھەتتە ئەڭ باي ئائىلىدۇر. بۇنداق ئائىلىلەر بىرەر مەھەللە، يۇرت ياكى قەۋمنىڭ شان - شەرىپىدۇر.

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرغۇن ساھابىلىرى ۋە تابىئىنلار ئەينى دەۋر تەقەززاسى (ئۇرۇش كۆپ بولۇپ سانسىزلىغان ئەرلەر شېھىت بولۇپ، ئاياللىرى تۇل قالغانلىقى) تۈپەيلى بىردىن تۆتكىچە ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ، شۇ ئاياللىرى ۋە ئۇلاردىن بولغان پەرزەنتلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى قامداپ، يەنە تىللاردا داستان بولغىدەك ئاجايىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، ئەر دېگەن نام - شەرىپىگە لايىق ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈشكەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ شانلىق ھاياتىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، بۈگۈنكى كۈندە بىر خوتۇن بىلەنمۇ ئىللىق بىر ئائىلە قۇرالماي، خوتۇنى ئالدىدىكى ئەرلىك ئوبرازىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋاتقان، ئاللاھ تائالا زىممىسىگە يۈكلىگەن باشقا

بىرمۇنچە مۇقەددەس مەجبۇرىيەتلەرنى تونۇپ يېتەلمەيۋاتقان بېلى بوش، شىجائەتسىز، ھۇرۇن، تەييارتاپ، توخۇ يۈرەك ئەرلەرنىڭ ھالىغا بەكمۇ ئېچىنىمىز. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، ئۇلار ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئىنتىلمەيدۇ. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئېيتقاندەك:

ئېھتىياجاتى ئۈچۈن سەن بىر كېگەش بەرسەڭ ئەگەر،
بىز بىلۇرمىز دەپ تۇرۇپ ئىجرا قىلىشنى ئىستىمەس.

## ئەخلاق كرىزىسى

ئاجرىشىشنىڭ كۆپ بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك چېكىنىشىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە ئەگەر قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىمىسىلا، نۇرغۇن گۇناھ، قەبىھ قىلمىشلار سوئال - سوراقسىز، ھېساب - كىتابسىز كېتىۋېرىدىغان بولغاچقا ئادەم - ئادەمدىن نومۇس قىلىدىغان، ئۆز - ئۆزىدىن ئۇيۇلىدىغان، ئۆز - ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ باقىدىغان ئىشلار ئازلاپ كەتتى. شۇ گۇناھ - مەئسىيەتلەرنىڭ بىرى زىنانىڭ كۆپىيىشىدۇر. تور، تېلېۋىزىيە قاتارلىق تاراتقۇ، ئۈچۈر - ئالاقە ۋاستىلىرىدىكى ئەخلاقىمىزغا زىت بولغان كىنو فىلىملەر؛ يېرىم يالىڭاچ ياكى پۈتۈن يالىڭاچ سۈرەتلەر؛ قىزىلىق پەردىسى ئورنىتىش، ئاغرىتماي ھامىلە چۈشۈرۈش قاتارلىق تېخنىكىلىق داۋالاشلار، زىنانى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا داۋام قىلىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىۋاتقان ئىشرەتخانا قاتارلىقلار زىنانىڭ كۆپىيىشىگە يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى. نەتىجىدە كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئەقىدە - ئېتىقادى سۇسلاشتى. ئەخلاق قورغىنىمىزغا دەز كەتتى. ئەقىدىسىزلىك باش كۆتەردى.

ئەمما شۇنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، بۇ سىناق دۇنياسىدا ئازغان، گۇناھقا چۆمگەن بەندىلەرگە ئاللاھنىڭ قىيامەتتە بېرىدىغان جازاسى مۇتلەق ھەقىقەتتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"قانداق بىر ئايال ھارامدىن ھامىلدار بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋىتى ئۈزۈلىدۇ. ئاللاھ ئۇنى ھەرگىز جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ"**.

ئەقىدىسىز كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى ئاجىز، مەيدانى

يوق بولىدۇ. دۇنيانىڭ سۈرىتىگە ئالدىنىدۇ. قارا ـ قويۇق ھەممىگە ئەگىشىدۇ، مال ـ دۇنياغا زىيادە ھېرىس بولىدۇ.

**‹‹بىلىڭلاركى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇندىن، (كىشىنى غەپلەتتە قالدۇرىدىغان) مەشغۇلاتتىن، زىبۇزىننەتتىن، ئۆزئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل-مال، پەرزەنت كۆپەيتىپ پەخىرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، (بىرەر يېغىش بىلەن ئۆستۈرگەن) ئۆسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاندىن ئۇ يەنچىلگەن چۆپكە ئايلىنىدۇ. ئاخىرەتتە(كۇففارلار ئۈچۈن) قاتتىق ئازاب بار، (ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن) ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار، دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت(غاپىل ئادەم ئالدىنىدىغان بەھرىمەن بولۇشتۇر››**{سۈرە«ھەدىد»(57 ـ سۈرە)، **20** ـ ئايەت}.

## ئاياللىرىمىزدىكى نادانلىق ۋە كۈلپەت

رېئاللىققا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەممىلا يەردە دېگۈدەك مىڭلىغان بەختسىز ئاياللارنى ئۇچرىتىمىز. كوچا ـ كويلاردا ئاياللارنىڭ كۆزى ياش، يۈرىكى يارا، دىلى دەردلىك. ياش تۆرۈپ تۇل قالغان، ئەرزىمەس ئىشلار سەۋەبىدىن ئائىلىسىدىن مەھرۇم بولغان، چۆچۈرىدەك بالىلىرىنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىدىن باغرى ئېزىلىۋاتقان ئاياللارنىڭ ئاھۇ ـ زارى يۈرىكىمىزنى ئېزىدۇ. تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك چىرايلىق، ساددا قىزلارنى ئەقلى ـ ھوشى جايىدا جۇۋانلارنى ئىشرەتخانىلاردا ئۇچرىتىمىز. تەكشۈرۈپ كۆرسەك، ئاساسلىق سەۋەب، ئاساسلىق كۈلپەت ئائىلىدىن باشلانغان.

رېئاللىق بىزگە شۇنداق بىر ئاچچىق ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلدۇرىدۇ: يېڭى كېلىن بولۇپ كەلگەن بىرقىسىم قىزلاردا تۇرمۇشنىڭ جاپاسىغا، بىر ئائىلىنىڭ دەردىگە چىدايدىغان چىدامچانلىق، سەۋر ـ تاقەت كەم، شۈكرى ـ قانائەت ئاز. توي قىلغاندىن كېيىن ھەممە ئىشنى ئۆزىنىڭ رايى بويىچە قىلىپ باققۇسى كېلىدۇ. ئۆز ئائىلىسىدىكى بالىلىق، نادانلىق، ئەخمەقلىقلىرىنى ئېرىنىڭ ئائىلىسىگىمۇ شۇ پېتى كۆتۈرۈپ ئەكېلىدۇ. ئۆز ئىرادىسىنى باشقىلارغا مەجبۇرىي تاڭماقچى بولىدۇ. ئۆزى كېلىن تۇرۇپ، ھە دېمەيلا قېيىن ئاچا، قېيىن سىڭىل، ھەتتا قېيىن ئانىلىرىغىمۇ قېيىن ئانا بولۇپ باققۇسى كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى تەييار ئۆيگە كىرىدۇ. ئەمما نۇرغۇنلىرى يېتەرلىك ساپاغا ئىگە ئەمەس. چۈنكى ئاتا ـ ئانىسى خىزمەت، تىجارەت ۋە باشقا خىلمۇخىل ئىشلار ھەلەكچىلىكىدە قىزىنى تاشلاپ قويغان. ھاياتنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرىنى تېتىمىغان بۇنداق كېلىنلەر تاماق ئېتىش، كىر ـ قات يۇيۇش، ئۆي تازىلىقى، ئېرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، قېيىن ئاتا ـ قېيىن ئانىلىرىنىڭ تېگىشلىك ھۆرمىتىنى قىلىش قاتارلىق ئەقەللىي ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

تاتار ئالىمى رىزائىدىن ئىبنى فەخرىددىن «ئىلمي ئەخلاق» ناملىق كىتابىدا شۇنداق يازغان: ‹‹بىراۋ سوراپتۇ:

دۇنيادا ئۆلۈمدىن يامىنى نېمە؟

قىزىڭنىڭ قابىلىيەتسىز بولۇشى! قىزنىڭ ھۆسنى يېرىم بايلىق. ئەقلى بولسا خەزىنە. قىزلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى ھايا ۋە ئىپپەت پەردىسىگە ئورالغىنىدۇر››.

يەنە بەزى ئاياللار ھە دېگەندىلا ئېرى بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىدۇ، ھەممە ئىشتا ئېرىنى باشقۇرۇپ باققۇسى كېلىدۇ. ئېرىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا كۆنمەيدۇ، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلمايدۇ. تېخى ئۆزىنىڭ ئاشۇ بىمەنە قىلىقلىرىدىن خوش بولىدۇ. ئۆزىنى ئائىلىدە چۆچەكلەردىكى شاھنىڭ خانقىزلىرىدەك ئەتىۋار قىلماقچى بولىدۇ ـ يۇ، ئاخىر كېلىپ ئويلىغىنىنىڭ دەل ئەكسىچە خار بولىدۇ. ئېرىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز بېشىغا چىقىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **‹‹سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پاداڭلار توغرىلىق سوراق قىلىنىسىلەر. خەلىفىمۇ پادىچى، ھەر بىر ئادەممۇ ئۆز ئەھلىگە پادىچىدۇر ۋە ئايال كىشىمۇ ئېرىنىڭ ئۆيىگە ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا پادىچى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر››**(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

www.uyghurkitap.com



زامانىمىزدا خېلى بىر قىسىم ئائىلىلەر ئۆيلىرىدە ئاددىي كىيىنىپ يۈرىدۇ، توي قىلىشتىن ئاۋۋالقى ئېرىنى جەلپ قىلغان گۈزەل تۇرقىنى، ئىللىق تەبەسسۇم، ياخشى مۇئامىلىلىرىنى توي قىلغاندىن كېيىن ئېرىدىن ئايايدۇ. ئەمما كوچىغا، بازارغا، توي ـ تۆكۈن، مېھماندارچىلىق قاتارلىق ھەرخىل زىياپەت سورۇنلىرىغا چىرايلىق ياسىنىپ، تارىنىپ، گىرىم قىلىپ بارىدۇ. بۇنى كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن قىلىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئاللىكىملەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. ناتونۇش كىشىلەرگە جىلۋە قىلىدۇ. ئېرىدىن ئايىغان، ئېرىگە بەرمىگەن ئىللىق تەبەسسۇم، ناز ـ كەرەشمە، شېرىن سۆزلىرىنى باشقىلارغا بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئادەتلىرىمۇ ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا ئائىلىدە كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىدۇ. ھەتتا شۇ ئائىلىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

يەنە بەزى ئاياللار باركى، ئېرىنىڭ ئىقتىسادى ياخشى چاغدا ئۇنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىدۇ. ئېرى ئىش ـ ئوقەتتە زىيان تارتىپ ياكى بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قالسا، يوقسىزلىقتىن زارلايدۇ، ھەتتا ئەرزىمەس باھانە ـ سەۋەب بىلەن ئېرىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئاجرىشىش توغرىسىدا غوۋغا كۆتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئائىلە ۋەيران بولىدۇ. بۇنداق ۋاپاسىز ئاياللار ئاللاھنىڭ كىچىككىنە بىر سىنىقىغا سەۋر قىلالمايدۇ. بۇ خاتالىقى تۈپەيلى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوڭ زىيان تارتىدۇ.

ئائىلىدە قانائەتچان، چىدامliq، يوقسۇزلۇققا، قىيىنچىلىققا سەۋر قىلىدىغان ئەخلاقلىق ئاياللارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماختىغاندى: ”**خوتۇنلارنىڭ بەرىكەتلىكرەكى خىراجەتنى كەمرەك تەلەپ قىلىدىغىنىدۇر**“.

بۇنداق پەزىلەتلىك ئاياللار نى ـ نى ئېغىر كۈنلەرگىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ياغىدۇ. ھال ـ ئەھۋالى بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ. مەشھۇر پارس شائىرى خۇسراۋ دېھلىۋى بۇ ھەقتە مۇنداق يازغانىدى:

ئايالى ئەقىللىك، ئېرى ئىش بىلەر،
دېمەك بۇ ئائىلە كۈندىن ـ كۈن گۈللەر.

رىزائىدىن ئىبنى فەخرىددىن ئۆز كىتابىدا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”ئەخلاق ئىلمى ئاياللار ئۈچۈن ھەممىدىن زۆرۈر. ئەگەر ئاياللار گۈزەل خۇلقلۇق بولسا، پۈتۈن ئائىلىنىڭ راھىتىدۇر. ئەگەر ئەخلاقسىز بولسا، پۈتۈن ئائىلىنى خاراب قىلغۇچىدۇر. ئاياللار تەۋرىسە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۆيلەر ۋە شەھەرلەر ۋەيران بولىدۇ. ئەگەر ئائىلە كېمىگە ئوخشىتىلسا، ئايال كېمىنىڭ رولى ئورنىدىدۇر. كۈچلۈك كېمە دەريادا رولنىڭ ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ يۈرگەنىدەك، مەملىكەتكە ئوخشايدىغان ئائىلىدە ئائىلە ئايالنىڭ ھەرىكىتىگە ئەگىشەر. ئاياللىرى تەربىيە كۆرگەن خەلقنىڭ تەربىيەلىك بولۇشى، ئاياللىرى تەربىيە كۆرمىگەن خەلقنىڭ تەربىيەسىز بولۇشى، ئاياللىرى تىرىشچان، تەدبىرلىك، ئىرادىلىك بولغان خەلقنىڭ روناق تېپىشى، ئاياللىرى ئۆتۈمسىز ياكى ئىسراپخور بولغان خەلقنىڭ كەمبەغەل بولۇشى ئېنىقتۇر.

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ئائىلىدىكى كىرىزىسنىڭ مۇھىم سەۋەبىدىن بىرى، ئاياللاردىكى ئەقىدە ـ ئەخلاق، سۈپەت ـ ساپانىڭ ناچار بولۇشىدۇر. بىز شۇ سەۋەبتىن خار ـ زەبۇن بولغان ئاياللارغا ھېسداشلىق قىلىمىز. ئۇلارنىڭ ئىمان ۋە ئەخلاقىنى قولدىن بەرمەي، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشقا تىرىششىنى تىلەيمىز.

## دىيانەتلىك ئايال ـــ ئائىلىنىڭ گۈلى

ئايال ئەرنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى، ھاياتلىق سەپىرىدىكى ۋاپادار دوستى، دىلغا ھۇزۇر بەخش ئەتكۈچىدۇر. ئائىلىنىڭ چىرىغى، خۇشپۇراق گۈلى، مېھىر ـ مۇھەببەت قۇياشىدۇر. ئايال ئانا بولۇش شەرىپى بىلەن تېخىمۇ يۈكسەك ئابرۇي ـ مەرتىۋىگە مۇشەررەپتۇر. ئەجداتلارنى ئەۋلادلارغا ئۇلىغۇچىدۇر. پەرزەنتلەرنىڭ پەرۋىشكار باغۋەنى، پاسىبانى، غەمگۇزارىدۇر. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردە ئانا بولغۇچى ئايالنىڭ ئائىلىدىكى جاپاسىنىڭ نەقەدەر كۆپ بولىدىغانلىقى، شۇ تۈپەيلى ئېرىشىدىغان يۈكسەك مەرتىۋىسى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

ئىسلام دىنىمىزدا ھاياتلىق سەپىرىدىكى نۇرغۇن چوڭ ئىشلاردا ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللارغا كەڭچىلىك بار. مەسىلەن: ئاياللارغا مەسچىتكە چىقىپ جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇش مەجبۇرىيەت ئەمەس. ھەيزدار،

نىفاس(تۇغۇتلۇق) مەزگىللىرىدە روزا تۇتمايدۇ(قازاسىنى كېيىن تۇتسا بولىدۇ)، ناماز ئوقۇمايدۇ ھەم ئوقۇمىغان نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ.

قىز - ئاياللار تۇۋپەيلى كىشىلەر ئارىسىدا تۇغقانچىلىق رىشتى باغلىنىدۇ. يۇرتلار ئارا باردى - كەلدىلەر بولىدۇ. يەنە شۇ قىز - ئاياللار تۇۋپەيلى تۇغقانچىلىق رىشتى كۈچىيىدۇ ياكى ئاجىزلىشىدۇ، ھەتتا پۈتۈنلەي ئۈزۈلىدۇ.

ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى رولى ناھايىتى مۇھىمدۇر. ئائىلىدىكى خىزمىتى بەكمۇ شەرەپلىكتۇر. تاماق ئەتكەن، نان ياقفان، كىر - قات يۇغان، بالىلىرىنىڭ يىرتىلغان كىيىملىرىنى يامىغان، بالىلىرىنى ياخشى تەربىيەلىگەن، ئېرىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ، جاپاسىنى تەڭ تارتىشىپ، ياخشى نىيەتلىرىگە ئورتاق بولالىغان، غەمكىن كۆڭلىگە تەسەللىي بېرەلىگەن، ئېرى سەپەرگە ماڭغاندا ئاق يول تىلەپ ئۇزىتىپ قويغان ئايال ھەرگىزمۇ خارلىق كۆرمەيدۇ. گەرچە ۋاقتىلىق ئازار - كۈلپەتلەرگە ئۇچرىسىمۇ، ھامان بىر كۈنى شۇ قەدەر ياخشى ئىش - ئەمەللىرى ھېسابىغا ئىززەت - ھۆرمەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

**"ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردا ئاللاھنىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر"**{سۈرە«نىسا»(4 - سۈرە)، **34** - ئايەتنىڭ بىر قىسمى}

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لايىق تاللاش ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەن دىيانەتلىك ئايال ھەر نەپسىدە ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى ئىزدىگۈچى، ئېرىنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى ھەققى ۋە ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئېتىراپ قىلغۇچى، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بەجا كەلتۈرۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتكۈچى، ھاياتىدا ياخشى ئەمەللەرنى كۆپرەك قىلىپ ياشاشقا ئىنتىلگۈچى ئايالدۇر.

**"مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا، تائەت-ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت-ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەپسلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى"**{سۈرە«ئەھزاب»(33 - سۈرە)، **35** - ئايەت}.

دىيانەتلىك ئايال ئېرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيىدۇ، ئېرىگە مېھىر - مۇھەببەت ئادا قىلىدۇ. ئېرىنىڭ ئائىلىدىكى تۇۋرۇكلۇك، پادىشاھلىق ئورنىنى تولۇق ئېتىراپ قىلىدۇ. مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن ئېرىنى ئۆزىگە گويا ماگنىتتەك تارتىپ تۇرىدۇ. ئېرىنى ئائىلىسىگە كۆرۈنمەس يىپ بىلەن مەھكەم باغلاپ تۇرىدۇ. نىكاھ بىر يىپ بولسا، دىيانەتلىك ئايال شۇ يىپنى داۋاملىق چىڭىتىپ تۇرىدۇ. ئېرىنىڭ قەلبىگە سەۋر، چىدام، ۋاپادارلىق ئاتا قىلىدۇ. ئېرىگە ھەرقاچان يۆلەكداش، قولداش، مەسلەكداش بولىدۇ. ئېرىنىڭ نۇقسان - ئىللەتلىرىنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىدۇ. خاتالىق، كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ. گۈزەل خۇلقلىرىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزىدۇ. ئېرىنىڭ تۇغقانلىرى، دوستلىرىغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىدۇ. مەيلى قەيەردە بولسۇن ئېرىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىدۇكى، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى تىلغا ئېلىپ، غەيۋىتىنى قىلىپ دادلاپ بەرمەيدۇ. ئېرىنى بارلىق تۇغقانلىرىدىن چارە بىلىدۇ، ئېرىنىڭ سىرىنى ساقلايدۇ. ئۇنداق ئاياللارنىڭ ئاخىرەتتىكى مەرتىۋىسى تېخىمۇ كاتتا بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئەڭ ياخشى ئايال قارىساڭ سېنى خۇرسەن قىلىدىغان، يوق بولساڭ ئۆيىڭنى ساقلاپ، مېلىڭنى قوغدايدىغان ئايالدۇر"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

دىيانەتلىك ئايال كەمسۆز، مۇلايىم، خۇشچىراي، كىچىك پېئىل، ئاقكۆڭۈل، سەممىي، كەمتەر بولىدۇ. ھازازۇل، دىلئازار بولمايدۇ. قوپاللىقتىن، باغرى تاشلىقتىن يىراق بولىدۇ.

ھارىس ئىبنى ۋەھبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: **"مەن سىلەرگە ئەھلى دوزاختىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇلار: قوپال، بېخىل، تەكەببۇر كىشىلەردۇر"**(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

(داۋامى **58** - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




ئابدۇقاھار مەخسۇت

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

1 ـ سوئال: ئىجتىهاد دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ‹‹ئىجتىهاد›› ئەرەبچە سۆز بولۇپ، سۆز ئۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا: ‹‹تىرىشماق، كۈچ چىقارماق، ئىقتىدارىنى ئىشقا سالماق›› دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئىجتىهادنىڭ شەرىئەت ئىستېمالىدىكى مەنىسى: ‹‹توختاۋسىز تىرىشىپ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىكى ھۆكۈم مەنبەلىرىنى قېزىپ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىن شەرئى ھۆكۈم ـ پەتىۋالارنى ئېلىش، شۇنداقلا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ پرىنسىپ، بەلگىلىمىلىرى ۋە روھىغا ئاساسەن، بىلىم ـ ئىقتىدارى، ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ھۆكۈم ـ پەتىۋالارنى چىقىرىش›› دېگەن مەنىدە.

2 ـ سوئال: قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف ئەرەبچە كىتاب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەب تىلىنى بىلىدىغانلىكى ئادەم ئىجتىهاد قىلىپ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىن ھۆكۈم ـ پەتىۋالارنى چىقارسا بولامدۇ؟

جاۋاب: ئىجتىهاد شەرتلىرىنى ھازىرلىغان كىشىنىڭلا ئىجتىهاد قىلىپ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىن ھۆكۈم ئېلىش سالاھىيىتى بولىدۇ. ئىجتىهاد شەرتلىرىنى ھازىرلىمىغان كىشىنىڭ ئىجتىهاد قىلىپ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىن ھۆكۈم ئېلىش سالاھىيىتى بولمايدۇ.

3 ـ سوئال: ئىجتىهادنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئىجتىهادنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ـ ئىجتىهاد قىلغۇچى (مۇجتەھىد):

1) مۇسۇلمان بولۇش؛

2) بالاغەتكە يەتكەن بولۇش؛

3) ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسىنى پىششىق بىلگەن بولۇش؛

4) قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەرنى پىششىق يادقا بىلگەن بولۇش، ھېچ بولمىغاندا شەرئى ئەھكاملارنى ئىپادىلەپ كەلگەن ئايەت، ھەدىسلەرنى پىششىق يادقا بىلگەن بولۇش، شۇنداقلا قۇرئان كەرىم ئىلمى، ھەدىس شەرىف ئىلمىنى پىششىق بىلگەن بولۇش؛

5) ئايەت، ھەدىسلەر ئىچىدىكى ئام، خاس، مۇتلەق، مۇقەييەد، مۇجمەل، مۇپەسسەل، ناسىخ، مەنسۇخلارنى، ئايەت، ھەدىسلەرنىڭ چۈشۈش ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلۇش سەۋەبلىرى ۋە باشقا تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى پىششىق بىلگەن بولۇش؛

6) فىقھە ۋە فىقھە پرىنسىپلىرىنى پىششىق بىلگەن بولۇش؛

7) ئىلگىرىكى مۇجتەھىد ـ ئۆلىمالارنىڭ ئىجمائ

ھۆكۈملىرىنى پىششىق بىلگەن بولۇش؛

**8)** قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ پرىنسىپ، بەلگىلىمىلىرى ۋە روھىغا ئاساسەن ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن چاقناپ تۇرغان ئەقىل ـ پاراسەت، ئالاھىدە ھوشيارلىق ۋە زېرەكلىك بولۇش كېرەك.

يۇقىرىقى شەرتلەرنى تولۇق ھازىرلىغان كىشى ئىجتىھاد قىلىپ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىن ھۆكۈم چىقارسا بولىدۇ. يۇقىرىقى شەرتلەرنى تولۇق ھازىرلىيالمىغان كىشى ئايەت ـ ھەدىسلەردىن ئۆز رايى بويىچە قالايمىقان ھۆكۈم ـ پەتىۋالارنى چىقارماسلىقى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **"سىلەر بايان قىلىۋاتقان نەرسىلەر ئۈستىدە ئاغزىڭلارغا كەلگىنىچە 'بۇ ھالال، ئۇ ھارام' دېمەڭلار. چۈنكى، بۇنداق دېسەڭلار ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەقىقەتەن مەقسەتكە ئېرىشەلمەيدۇ"** {سۈرە «نەھل» (16 ـ سۈرە)، 116 ـ ئايەت}. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىمكى قۇرئان كەرىمنى ئۆز رايى بويىچە تەپسىر قىلسا ياكى ھۆكۈم چىقارسا ئۇ كىشىنىڭ بارىدىغان جايى دوزاختۇر"** (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). يەنە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىمكى قۇرئان كەرىمنى ئۆز رايى بويىچە تەپسىر قىلسا ياكى ھۆكۈم چىقارسا (ئۇ كىشىنىڭ قىلغان تەپسىرى ياكى چىقارغان ھۆكۈمى) توغرا چىقىپ قالغان تەقدىردىمۇ (ئۇ كىشى) خاتا قىلغان بولىدۇ"** (تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

4 ـ سوئال: پەتىۋا دېگەن نېمە؟

جاۋاب: "پەتىۋا" ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى: "ئالىملارنىڭ شەرىئەت مەسىلىلىرى ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈمى" دېگەن مەنىدە.

5 ـ سوئال: پەتىۋا بېرىش دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئالىملارنىڭ شەرىئەت مەسىلىلىرى ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈمنى باشقىلارغا دەپ بېرىش پەتىۋا بېرىش دېيىلىدۇ.

6 ـ سوئال: ئەرەب تىلىنى بىلىدىغانلىكى ئادەم پەتىۋا بەرسە بولامدۇ؟

جاۋاب: پەتىۋا بېرىش ئادەتتىكى ئىش ئەمەس. "قۇشقاچنى سويسىمۇ قاسساپ ئۆزى سويسۇن" دەيدىغان گەپ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن پەتىۋا بەرگۈدەك سالاھىيەتنى ھازىرلىغان كىشى پەتىۋا بەرسە بولىدۇ. پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتىنى ھازىرلىمىغان كىشىنىڭ پەتىۋا بېرىشى چوڭ گۇناھ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىمكى ئىلىمسىز پەتىۋا بەرسە، ئۇنىڭ گۇناھى پەتىۋا بەرگۈچىگە بولىدۇ"** (ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان). يەنە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"سىلەرنىڭ پەتىۋا بېرىشكە جۈرئەت قىلغىنىڭلار دوزاخقا (كىرىشكە) جۈرئەت قىلغىنىڭلاردۇر"** (دارىمى رىۋايەت قىلغان). شۇڭلاشقا بىلسەڭ بىلگىنىمىز بويىچە پەتىۋا بېرەيلى، بىلمىسەك شۇ رايون تەۋەسىدە بىلىم سەۋىيەسى بىزدىن ياخشىراق كىشىدىن سوراشنى تەۋسىيە قىلايلى! بەك بولمىسا ماڭا ئازراق ۋاقىت بېرىڭ كىتاب كۆرۈپ، ئىزدىنىپ، جاۋابنى تاپقاندىن كېيىن دەپ بېرەي دەيلى! كىتاب كۆرۈپمۇ بىلەلمىسەك، ئۆز رايىمىز بويىچە قالايمىقان ھۆكۈم چىقىرىپ، پەتىۋا بەرمەي بىلەلمىدىم دەيلى! بىلمىگەننى بىلمەيمەن، بىلمىدىم دېيىش دوزاخقا كىرگەندىن مىڭ ھەسسە ئەۋزەل. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: "كىمكى بىر ئەر نەرسىنى بىلسە (بىلگىنىنى) دېسۇن. كىمكى بىلمىسە (مەن بىلمەيمەن) ئاللاھ تائالا بەك بىلگۈچىدۇر دېسۇن".

7 ـ سوئال: پەتىۋا بېرىشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: پەتىۋا بېرىدىغان كىشى: **1)** باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغۇدەك ئىلمى سەۋىيەگە ئىگە بولغان بولۇشى؛

**2)** سالماق، تەمكىن بولۇشى، ئالدىراڭغۇ، تەنتەك بولماسلىقى؛

**3)** ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان تەقۋادار، پەرھىزكار بولۇشى؛

**4)** مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ ئاساسلىق كىتابلىرىدىن بىرەر كىتابنى يادقا بىلگەن بولۇشى. ھېچبولمىغاندا مەلۇم بىر مەسىلە ھەققىدىكى كىتابنى يادقا بىلگەن بولۇشى. مەسىلەن: تاھارەت توغرىلىق پەتىۋا بەرمەكچى بولسا تاھارەتكە ئالاقىدار ئەھكاملارنى پىششىق يادلاپ بولغاندىن كېيىن، پەقەت تاھارەت توغرىلىقلا پەتىۋا بېرىشى، تاھارەتتىن باشقا مەسىلىلەر توغرىلىق پەتىۋا بەرمەسلىكى كېرەك. ناماز توغرىلىق پەتىۋا بەرمەكچى بولسا، نامازغا ئالاقىدار ئەھكاملارنى پىششىق يادلاپ بولغاندىن كېيىن، پەقەت ناماز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توغرىلىقلا پەتىۋا بېرىشى، نامازدىن باشقا مەسىلىلەر توغرىلىق پەتىۋا بەرمەسلىكى كېرەك.

8 ـ سوئال: زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ پەتىۋامۇ ئۆزگىرىدۇ دېگەن قاراش توغرىمۇ؟

جاۋاب: كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئاساسلىنىپ چىقىرىلغان پەتىۋا ـ ئەھكاملار زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. چۈنكى زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىمۇ ئۆزگىرىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن ئۆرپ ـ ئادەتلەرمۇ ئۆزگىرىدۇ.

مەسىلەن: ئىلگىرىكى مۇجتەھىد ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا بىر ئادەم مەلۇم بىر ھويلىنى سېتىۋالماقچى بولسا، شۇ ھويلىدىكى بىرقىسىم ئۆيلەرنى كۆرسە كۇپايە قىلاتتى. كېيىنكى دەۋرلەردىكى مۇجتەھىد ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا ھويلىدىكى ھەربىر ئېغىز ئۆينى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كۆرمىسە بولمايدۇ. چۈنكى بۇرۇنقى دەۋردە ئۆيلەر شەكىل، ھەجىم جەھەتتە بىرخىل، باراۋەر سېلىناتتى. كېيىنكى دەۋرلەردە بولسا ئۆيلەرنىڭ سېلىنىشى، شەكىل ۋە ھەجىم جەھەتتە خىلمۇخىل بولۇپ كەتتى. يۇقىرىقى ھۆكۈم ـ پەتىۋا شەرئى دەلىل ئاساسىدا چىقىرىلغان بولماستىن، بەلكى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۆي سېلىش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن چىقىرىلغان.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىن ئىبارەت شەرئى دەلىل ئاساسىدا چىقىرىلغان ئەقىدە، ئىبادەت، ئەمرى ـ نەھيى، ھالال ـ ھارام، مۇكاپات ـ جازا ھەققىدىكى ھۆكۈم ـ پەتىۋالار زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇ ھۆكۈم ـ پەتىۋالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابە كىراملارنىڭ زامانىسىدا قانداق بولغان بولسا ھازىرمۇ شۇنداق. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى، نامازنىڭ ۋاقتى، رەكئەت سانى، روزىنىڭ ۋاقتى، كۈن سانى، زاكاتنىڭ مىقدارى قاتارلىقلار...... مانا بۇلارنىڭ ھۆكۈمى زامان، ماكان ۋە شارائىتلارنىڭ قانچىلىك ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى مۇدەررىسى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

---

(بېشى 55 ـ بەتتە) دىيانەتلىك ئايال سېخى، مېھرىبان، مېھماندوست كېلىدۇ، بېخىللىق قىلمايدۇ. قىزغانچۇقلۇقتىن يىراق تۇرىدۇ. ياخشى ئىشقا خۇددى پەرۋانە ئوتقا ئۇرغاندەك ئىنتىلىپ تۇرىدۇ. ئادەم تۇرماق، ھايۋانلارغىمۇ شەپقەتلىك بولىدۇ.

دىيانەتلىك ئايال ھە دېگەندىلا كوچا ـ كويلارغا قاترىمايدۇ، خۇشاللىقنى سىرتتىن ئەمەس، ئۆز ئائىلىسىدىن ئىزدەيدۇ. ئۆز ئائىلىسىنى خۇشاللىق يېغىپ تۇرىدىغان، جېدەل ـ ماجىرادىن يىراق بولغان، پاكىز، بەرىكەتلىك ئائىلە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى ئۈچۈن قالتىس تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

دىيانەتلىك ئايال قانائەتچان كېلىدۇ. يوقسىزلىقتىن، موھتاجلىقتىن، توغرا بالا ـ قازادىن دادلانمايدۇ. بۇ تۈپەيلى ئېرىدىن يۈز ئۆرمەيدۇ، ئېرىنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرمايدۇ. ئورۇنسىز جېدەل ـ ماجىرا تېرىمايدۇ. روھى بايلىقنى ماددىي بايلىقتىن ئەۋزەل بىلىدۇ.

دىيانەتلىك ئايال ئەتراپىدىكى ئاياللاردىن قانداقتۇر چېكىدىن ئاشۇرۇپ ياسىنىپ ـ تارىنىشتا ئەمەس، ھەمىشە مودا كىيىملەرنى تاللاپ كىيىپ، قىممەت باھالىق زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاپ، ئۆزىگە تۈجۈپىلەپ پەرداز قىلىپ باشقىلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتىشتە ئەمەس، بەلكى ئۆي تۇتۇشتىكى پاكىزلىق، ئاددىي ـ ساددىلىق، ئىقتىسادچانلىق، چاققانلىق، پاراسەت، بىلىم، تەقۋادارلىق قاتارلىق گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتە بەسلىشىدۇ.

**"ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ سىلەردىكى بىر-بىرىڭلاردىن ئارتۇق قىلغان نەرسىلەرنى(ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئارزۇ قىلماڭلار، ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ. ئاللاھتىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلەڭلار(ئاللاھ بېرىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر"**{سۈرە «نىسا»(**4** ـ سۈرە)، **32** ـ ئايەت}.

دىيانەتلىك ئايالنىڭ شاھلىق قەسرى ئۆز ئائىلىسىدۇر. تەختى ھەم بەختى پەقەت ۋە پەقەت ئائىلىسىدىن ئىبارەتتۇر. بۇنداق ئاياللار ئائىلىسى ئۈچۈن غايەت زور بەدەل تۆلىيەلەيدۇ.

(ئاپتورلار: ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

# يېڭىشەھەر دەرۋازا ئالدى جامە مەسچىتىنىڭ تارىخى

ئابباس قارى ھاجىم

ئازادلىقتىن ئىلگىرى يېڭىشەھەرنىڭ شەھەر ئىچى سېپىل بىلەن قورشالغان بولۇپ، سېپىلنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا سودا-تىجارەت قىلىدىغان ئۇيغۇر ھۈنەرۋەن-كاسىپ، ئۇششاق سودا-تىجارەتچىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن بىر مەسچىت سېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا، يېڭىشەھەردە ئەمەل-مەنسەپ بىلەن تۇرغان توققۇزاق تاشمىلىقلىق ھېلىمبەگ ھاجىمنىڭ باش بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ھەر تەرەپلىمە قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن 1940-يىلى يېڭىشەھەر دەرۋازا ئالدى جامە مەسچىت قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلانغان. شۇ چاغقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھۈنەرۋەن كەمچىل، ئىقتىساد تۆۋەن، يۆتكەش، توشۇش ۋاسىتىلىرى قالاق بولغاچقا، ئىش سۈرئىتى ئاستا بولۇپ قېلىپ، مەسچىت قۇرۇلۇشى 1943-يىلى رەسمىي پۈتكەن ھەم مەسچىت، سېپىلنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى ئالدىغا بىنا بولغانلىقى سەۋەبلىك "دەرۋازا ئالدى جامە مەسچىتى" دەپ ئاتالغان.

قەشقەر خانلىق مەدرىس مۇدەررىسى ئىسمايىل خەلپىتىمنىڭ قولىدا 20 يىل ئوقۇپ تەربىيەلەنگەن ئىمىنئاخۇن خەلپىتىم 1945-يىلى دەرۋازا ئالدى جامە مەسچىتىنىڭ خاتىپى ھەم ئىمامى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۇ شۇ مەزگىلدە بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ۋاقتىدىلا قىمار ئويناش، مەي-شاراب ئىچىپ، نەشە چېكىش قاتارلىق مەينەت، يامان ئىشلاردا سېسىق نامى پۇر كەتكەن يېڭىشەھەر مۇھتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، شۇنداقلا ھېيت ۋە جۈمە نامازلىرىدا ئەمر-مەرۇپ قىلىپ، كىشىلەرنى پەرزەنتلىرىنى ئوبدان تەربىيەلەشكە، ئىمان-ئېتىقادلىق بولۇپ، ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتۈشكە، ئىلىم-مەرىپەت، ھۈنەر-كەسىپ ئىگىلەپ، يۇرتىنى گۈللەندۈرۈشكە چاقىرغان.

1961-يىلى دەرۋازا ئالدى جامە مەسچىتى تاقىلىپ، ناھىيەلىك تەمىنلەش سودا كوپېراتىپىنىڭ ئامبىرى قىلىپ ئىشلىتىلگەن. ئارىدىن 15 يىل ئۆتۈپ، سىياسەت ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن مەسچىت دەرۋازىسى قايتا ئېچىلىپ، 1980-يىلى 10-ئايدا ئىمىنئاخۇن خەلپىتىم قايتا مەسچىتنىڭ خاتىپ ۋە ئىماملىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. جۈمە خەلپىتىم(مىللىتى تۇڭگان) دائىمىي ئىماملىققا تەيىنلەنگەن.

1980-يىلى 11-ئايغا كەلگەندە ئىككىنچى قېتىم چوڭ كۆلەملىك قايتا ياساش، رېمونت قىلىش باشلانغان. بۇ قېتىم ئىمىنئاخۇن خەلپىتىم بىلەن مەممەت جۆرەي مەزىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مەسچىتنى قايتا رېمونت قىلىپ، كېڭەيتىش توغرىلىق ئىلتىماس سۇنۇپ تەستىقلىتىش، مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. يېڭىشەھەر ناھىيەلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ تېخنىكا رەھبىرى تۇر قاسىم يېڭىشەھەر ناھىيەسى تەۋەسىدىكى نامى چىققان ھۈنەرۋەنلەرنى تەشكىللەپ، ئىككى ئاي ئىچىدىلا مەسچىتنىڭ مۇنار، گۈمبەزلىرىنى قوپۇرۇش، تۈۋرۈك، خەلرىگە گۈل ئويۇش، پەنجىرە، مېھراپلارنى ياساش، مەسچىت ئالدىغا دۇكان سېلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. رەت-رەت سۇۋادان تېرەكلەر تىكىلىپ، مەسچىت ئالدى گۈزەل تۈسكە كىرگەن. 1985-يىلى 1-ئايدا ئىمىنئاخۇن خەلپىتىم ئالەمدىن ئۆتكەن. جۈمە خەلپىتىم خاتىپ ۋە ئىماملىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. 1986-يىلى جۈمە خەلپىتىم كونا بازار مەسچىتكە يۆتكەلگەن. شۇ يىلى دەرۋازا ئالدى مەسچىتكە ھاراپ يېزىسىدىن تۇردى قارى ھاجىم يۆتكەپ كېلىنىپ خاتىپلىققا تەيىنلەنگەن.

1987-يىلىغا كەلگەندە، خانىقا بىلەن مەسچىت

ئوتتۇرىسىغا ئەينى ۋاقىتتا ئېتىلگەن توساق تام ئېلىپ تاشلىنىپ، مەسچىت ئىچى كېڭەيتىلگەن ھەم مەسچىت ھويلىسىغا يېڭىدىن ئىككى قەۋەتلىك ئىمارەت سېلىنغان. بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇشقا سەرپ قىلىنغان مەبلەغنىڭ ئاز قىسمىنى يېڭىشەھەر خەلقى ۋە ناۋاي روزى ھاجىم چىقارغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمىنى ئانا مەكتىپىنىڭ —— يېڭىشەھەر ناھىيەلىك سابىق 1-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىنى سېلىپ بەرگەن ۋەتەنپەرۋەر مۇھاجىر قۇربان ئابدۇللا ھاجىم بىللە چىقارغان. 150 كۋادرات مېتىرلىق ئالتە ئېغىز دۇكاندىن باشقا، 1891 كۋادرات مېتىرلىق كۆلەمگە ئىگە بولغان بۇ قۇرۇلۇش 1987-يىلىنىڭ ئاخىرى تولۇق تاماملانغان.

دەرۋازا ئالدى جامە مەسچىتى ۋاقتى ئۇزۇن، خام خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق مەسچىت بولغاچقا، 2010-يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بىر قىسىم تاملىرى زەيلەپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى ياغاچلىرى چىرىپ، خەتەرلىك ھالەت شەكىللىنىپ، قايتا يېڭىلاپ سېلىشقا توغرا كەلگەن. يېڭىشەھەر ناھىيەلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى ئابباس مۇھەممەد قارىي ھاجىم بۇ ئىشقا ئالاھىدە قاراپ، مەسچىتنى قايتا يېڭىلاپ سېلىش توغرىلىق جامائەت بىلەن كېڭەش ئېلىپ بارغان. مېھرابى چوڭ يولغا يۆتىلاشقان، تاملىرى زەيلەپ، ياغاچلىرى چىرىپ خەتەرلىك ھالەتكە كېلىپ قالغان بۇ مەسچىتنى كەينىگە تارتىپ يېڭىلاپ سېلىش توغرىلىق ئالدى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيەلىك ۋە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى، يېڭىشەھەر ناھىيەلىك ۋە ۋىلايەتلىك مىللەت-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، يېڭىشەھەر ناھىيەلىك شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى،



يېڭىشەھەر ناھىيەلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، يېڭىشەھەر ناھىيەلىك زېمىن بايلىقى ئىدارىسى، يېڭىشەھەر ناھىيەلىك ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا ئىلتىماس سۇنۇپ تەستىقلاتقان.

2012-يىلى 5-ئاينىڭ 25-كۈنى دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ”دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش ئېلىش گۇۋاھنامىسى“ تەستىقلىنىپ چىققان، يېڭىشەھەر ناھىيەلىك سابىق 2-بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى شىنجاڭ قۇرۇلۇش ئاكادېمىيەسىگە ھاۋالە قىلىپ رەسىملىك چىرتيوژ-لايىھەسىنى سىزدۇرغان، مەسچىت مېھرابى ۋە ھويلا ئىچى يەر يۈزى كۆلىمى 3214.35 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2250 كۋادرات مېتىر بولغان، 9 ئېغىز دۇكان، 60 كىشىلىك مۇستەھەپخانا، 10 كىشىلىك مۇنچا، بىر ئېغىز خانىپ ھۇجرىسى، مېيىت يۇيۇش ئۆيى قاتارلىقلار تولۇق لايىھەلەنگەن دەرۋازا ئالدى جامە مەسچىتى 2013-يىلى 6-ئاينىڭ 12-كۈنى باشلىنىپ، 10-ئاينىڭ 15-كۈنى تۈگەت ئايدا قۇربان ھېيتقا ئۈلگۈرتۈپ تاماملانغان. قۇربان ھېيت نامىزى مەزكۇر مەسچىتتە ئوقۇلغان.

قۇرۇلۇش داۋامىدا ئابباس مۇھەممەد قارىي ھاجىم ئۆز يېنىدىن 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقارغاندىن سىرت، قۇرۇلۇش لايىھەسىنى سىزدۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن تەستىق ئېلىش، مەبلەغ يىغىش قاتارلىق ئىشلاردا ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ جاپالىق ئىشلىدى. ئاز بىر قىسىم مەبلەغ جامائەتتىن يىغىلغان بولسىمۇ كۆپ قىسمىنى مەرد ئوغلان غوجا سەمەت ئۆز مۆلكىدىن چىقىم قىلدى.

مەزكۇر قۇرۇلۇشنىڭ پەشتاق، مۇنار، بېزەكچىلىك ئىشلىرىنى، مىللىيچە قۇرۇلۇش لايىھەلەش، خىش-گۈل چىقىرىش، گەجگەرلىك جەھەتلەردە ئالاھىدە نام-شۆھرەت قازانغان ئەركىن سابىر ئۇستام ئۆز ئۈستىگە ئالدى. مەسچىتنىڭ سىرچىلىقىنى جۇمە مۇھەممەد ئۆزىنىڭ بىر قانچە يارامىلىق شاگىرتى بىلەن زامانغا ماس ھالەتتە سىرلاپ چىقتى.

(ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

تۈزىتىش: **2005**-يىلى **2**-سان ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ”نىيەتنى توغرىلاپ ئەمەللەرنى رىيادىن خالىي قىلايلى“ دېگەن ماقالىنىڭ ئاپتورى ”ئىسمائىل ئەكپەر“نى ئەكبەر ئىسمائىل دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى سورايمىز.

## 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسى ۋە 11 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرئان تىلاۋەت مۇسابىقىسى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** ئۈچ كۈن داۋاملاشقان مەملىكەتلىك 10 ـ نۆۋەتلىك ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسى ۋە 11 ـ نۆۋەتلىك قۇرئان تىلاۋەت مۇسابىقىسى 2015 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە غەلىبىلىك ئاياغلاشتى. ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسىگە قاتناشقان ماھىرلار ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا يول تۇتۇش ئىدىيەسىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، مۇسۇلمانلارنى توغرا ئەقىدىگە يېتەكلىدى. ماھىرلارنى باھالاش نەتىجىسىدە، خەنزۇ تىلى گۇرۇپپىسىدىن: نىڭشيالىق ماھىر ياڭ جىنبو 1 ـ لىككە؛ گۇاڭدۇڭلۇق ماھىر مى ۋېنگۇاڭ، جېجياڭلىق ماھىر دۇ يوڭبو 2 ـ لىككە؛ خېيلوڭجياڭلىق ماھىر گو خەيخۇي، گۇاڭشىلىق ماھىر خې چۈنگۇاڭ، بېيجىڭلىق ماھىر ياڭ دوڭۋېن 3 ـ لىككە ئېرىشتى. ئۇيغۇر، قازاق تىلى گۇرۇپپىسىدىن: ئابدۇۋاھاپ رەھمان 1 ـ لىككە؛ مۇھەممەد كېرىم، مۇھەممەد ئىسمائىل 2 ـ لىككە؛ باھايدىن تاھىر، سەرىك شەھىدۇللا(قازاق)، ئەھمەد سەيدۇللا 3 ـ لىككە ئېرىشتى. قۇرئان تىلاۋەت مۇسابىقىسىدە شىنجاڭلىق ئەلنىياز ئەلى قارىي 1 ـ لىككە، ئەزىمەت قۇربانتاي، ئابدۇۋەلى مەخسۇت، مۇھەممەد ئەمىن ئابلا 2 ـ لىككە؛ ئۆمەر ئەلى داۋۇت، ياڭ كەي(يۈننەندىن)، يې جىن(چېڭخەيدىن)، ما يۈن(شىنجاڭدىن) قاتارلىق قارىيلار 3 ـ لىككە ئېرىشتى.

مۇسابىقىلەرنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جارۇللا ھىسامىدىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى بەدرىددىن گو چېڭجېن، مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرىم، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)نىڭ مۇدىرى تۇرغان پىدا، مۇئاۋىن مۇدىرى مۇختار ھەسەن قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جۇڭگو ئاخبارات ئاگېنتلىقى، مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى، جۇڭگو كۈندىلىك خەۋەرلىرى گېزىتى، داگوڭباۋ گېزىتى، شۇنداقلا شىنجاڭ گېزىتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى، تىيانشان تورى قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق ئاخبارات ۋاستىسى مۇسابىقە ئەھۋالىنى ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلدى ھەمدە ماھىرلارنى مەخسۇس زىيارەت قىلىپ، جەمئىيەتتە ئاكتىپ، ئىجابىي تەسىر پەيدا قىلدى. (ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

## تۈركىيە زۇڭتۇڭى ئەردوغان مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن كۆرۈشتى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2015 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مەملىكىتىمىزدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان تۈركىيە زۇڭتۇڭى رەجەب تەييىب ئەردوغان بېيجىڭدا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلاردىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى، ئىككى تەرەپ قىزغىن، دوستانە سۆھبەت ئېلىپ باردى.

رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن زۇڭتۇڭ ئەردوغاننىڭ جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى، نۆۋەتتىكى مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەھۋالى، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشى، جۇڭگو ـ تۈركىيە ئىسلام دىنى ساھەسىنىڭ دوستانە ئالاقىسى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن مۇنداق دېدى: جۇڭگو

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمانلىرى دۆلىتىنى سۆيۈپ، دۆلەتنىڭ ھەر تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پائال قاتنىشىپ، مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلاندى. ئۇ مۇنداق دېدى: مەن ئىلگىرى تۈركىيەدە ئۈچ قېتىم زىيارەتتە بولۇپ، تۈركىيە خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە بولغان دوستانە ھېسسىياتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۇ، ئىككى دۆلەت ئىسلام دىنى ساھەسى ۋە مۇسۇلمانلار ئارا ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى يەنىمۇ بىر قەدەم كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلدى.

زۇڭتۇڭ ئەردوغان ئاۋۋال رەئىس شى جىنپىڭ قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، بۇ قېتىملىق زىيارەت نەتىجىلىرىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي تۇرمۇشى، دىنىي مائارىپى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى غەمخورلۇقى ۋە قوللىشىغا يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: تۈركىيەنىڭ نوپۇسى 75 مىليون، دىنىي زاتلارنىڭ سانى 100 مىڭ بولۇپ، نىسبەت جەھەتتە جۇڭگودىن تۆۋەن. ئۇ مۇنداق دېدى: مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى سۆيۈشى، دۆلىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغدىشى، دۆلەتنى پارچىلايدىغان ۋە تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلىدىغان ھەرخىل شەكىلدىكى قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇشى لازىم. ئۇ خەلقئارادىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئېغىزىدا شاھادەت كەلىمىسىنى ئوقۇپ تۇرۇپ نادانلىق بىلەن بىر-بىرىنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈش قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەزھەپ تالاش-تارتىشىنى تاشلاپ، ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ تەپرىقىچىلىك ۋە قانلىق توقۇنۇشلارنى پەيدا قىلىدىغان ئەسەبىي قىلمىشلاردىن ھوشيار تۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ تۈركىيەنىڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئارا ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاخىرىدا زۇڭتۇڭ ئەردوغان رەئىس ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەنگە تۈركىيەدە بېسىلغان نەپىس قۇرئان كەرىمدىن بىرنى ھەدىيە قىلدى، ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن زۇڭتۇڭ ئەردوغانغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى يېقىندا باسقان «قۇرئان كەرىم»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى، ئۇيغۇرچە «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفتىن تاللانمىلار مەجمۇئەسىنى ھەدىيە قىلدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى بەدرىدىن گو چېڭجېن، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئادىل ھاجى كېرىم، لىيۇ كېجى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بېيجىڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمان ھەيئەت ئەزالىرى قاتارلىقلار سۆھبەتكە قاتناشتى. (مۇھەممەدئابدۇللا ئۆمەر)

## جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى 2015-يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش ۋە ئۇنۋان تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2015-يىلى 7-ئاينىڭ 18-كۈنى روزا ھېيت كۈنى جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى 2015-يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش ۋە ئۇنۋان تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 4-باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ جۇڭخەي، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپ بەدرىدىن گو چېڭجېن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرىم، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى قوشۇمچە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نەبىل ما جۇڭپىڭ، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ ئېنلىن ۋە ئىنستىتۇتنىڭ بارلىق ئۇستاز-تالىپلىرى قاتناشتى.

ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن مۇراسىمدا سۆز قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەقىقەتنى تەرغىب قىلىپ، ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش يولىدا تىرىشىپ كۆرەش قىلىپ، ھاياتىدىن پارلاق سەھىپىلەر قالدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى. مۇئاۋىن رەئىس ئادىل ھاجى كېرىم «داۋاملىق ئالغا ئىنتىلىپ پارلاق كەلگۈسىنى يارىتايلى» تېمىسىدا نۇتۇق سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت ۋە ئۆگىنىش جەريانىدا ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش

ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنىي ئىشلاردا ئىناقلىقنى تەكىتلەش روھىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆمۈر بويى ئۆگىنىش ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، ئۆزلۈك ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مۇسۇلمانلار جامائىتى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىشنى ئۈمىد قىلدى.

دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 4 - باشقارمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ جۈنخەي دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا ۋاكالىتەن، تۈنجى قېتىم باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەلگۈسىدىكى خىزمەت ئورنى ۋە تۇرمۇشىدا تېخىمۇ چوڭ رول ئويناپ، كۆپرەك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىدە تايانچ كۈچلەردىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى. مۇراسىمغا مۇئاۋىن مۇدىر نەبىل ما جۈنپىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى.

جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى 2015 - يىل ئەھلى ئىلىم باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن 26 ئوقۇغۇچىغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ۋە ئۇنۋان سالاھىيەتنامىسى تارقىتىپ بەردى. بۇ، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى قۇرۇلغان 60 يىلدىن بۇيان تۈنجى قېتىم ئېلىپ بېرىلغان ئۇنۋان تارقىتىش ھېسابلىنىدۇ.

(ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

## 2015 - يىللىق ھەج تاۋاپ يېتەكچى خادىملىرى ۋە يېتەكچى دىنىي زاتلار كۇرسى يىنچۇەندە ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2015 - يىل 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 2015 - يىللىق ھەج تاۋاپ يېتەكچى خادىملىرى ۋە يېتەكچى دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى يىنچۇەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمدا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ جيەنيۇڭ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى بەدرىددىن گو چېڭجېن سۆز قىلدى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دىڭ كېجيا تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستاپا ياڭ جىبو رىياسەتچىلىك قىلدى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3 - مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ما جىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرىم ھەمدە شىنجاڭ، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، يۈننەن قاتارلىق 15 ئۆلكە(رايون) ۋە بىرلەشمە ئۆمەكتىن كەلگەن 100 دىن ئارتۇق ھەج - تاۋاپ يېتەكچى خادىملىرى ۋە يېتەكچى دىنىي زات مۇراسىمغا قاتناشتى.

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جاڭ جيەنيۇڭ دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ خىزمىتىگە دائىر تەييارلىق ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ خىزمىتى دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدى ھەمدە ھەج تاۋاپقا تەشكىللەش ۋە ھاجىلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئىشلىرىدا يېتەكچى خادىملار ۋە يېتەكچى دىنىي زاتلارغا قويىدىغان كونكرېت تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇئاۋىن رەئىس بەدرىددىن گو چېڭجېن ھەج تاۋاپقا تەشكىللەش خىزمىتىدە دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەج تاۋاپقا تەشكىللەش ۋە ھاجىلارغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەمدە يېتەكچى خادىملار ۋە يېتەكچى دىنىي زاتلارغا كونكرېت خىزمەت تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 4 - كۈنىگىچە، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3 - مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ما جىن، مۇئاۋىن باشلىقى لى گې، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستاپا ياڭ جىبو، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل خادىملار تەربىيەلەش سىنىپىغا دەرس ئۆتتى. دەرسنىڭ مەزمۇنى: چەت ئەلدىكى ھەج تاۋاپ خىزمىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر، ھەج تاۋاپ يېتەكچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى، ھەجدىكى بىخەتەرلىك خىزمىتى ۋە جىددىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتى، ھەج بىلىملىرى ۋە ھەج تەرتىپى قاتارلىقلار.

(ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

# "خەيرلىك رامىزان"___ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە ماشىنا ئىئانە قىلىش مۇراسىمى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2015-يىل 7-ئاينىڭ 3-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، جۇڭگو قىزىل كرېست فوند جەمئىيىتى جىن ۋەننيەن فوندى، شەرق شاملى پىكاپ شىركىتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن شىنجاڭدىكى يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە خىزمەت ماشىنىسى ئىئانە قىلىش مۇراسىمى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ جيەنيۇڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ما جىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيو، شېنجېن جىن ۋەننيەن جاۋاھىرات چەكلىك شىركىتىنىڭ لىدىرى لى جيەنخاۋ، شەرق شاملى پىكاپ شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى لى چۈنروڭ، شىنجاڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەخمەت مەتنىياز داموللام مۇراسىمغا قاتنىشىپ سۆز قىلدى.

بۇ قېتىمقى ئىئانە خەيرلىك رامىزان روھىنى باش تېما قىلغان بولۇپ، مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى بەدرىددىن گو چېڭجېن رىياسەتچىلىك قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا مۇلازىمەت قىلىش، جەمئىيەتكە بەخت يارىتىشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئاتلاندى، رامىزان ئېيىدا ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش خەير-ئېھسان پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ جەمئىيەتنىڭ ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا شىنجاڭدىكى يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمەت ماشىنىسىنىڭ كەملىكىنى، بولۇپمۇ كونىراپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، ھەر تەرەپلەر بىلەن ئاكتىپ ئالاقە قىلدى. نەتىجىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتى جىن ۋەننيەن فوندى 588 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى، شەرق شاملى پىكاپ شىركىتى 212 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئېرىشكەن بۇ ئىئانە پۇلغا شەرق شاملى پىكاپ شىركىتىدىن 6 دانە پىكاپى سېتىۋېلىپ، شىنجاڭدىكى يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ماشىنا قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، شىنجاڭدىكى يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشىنى قوللاشنى مەقسەت قىلىپ، بۇ ماشىنىلارنى قەشقەر، خوتەن، ئىلى، تۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق بەش ۋىلايەت، ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە يەكەن ناھىيەلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە ئىئانە قىلدى.

قەشقەر، خوتەن، ئىلى، تۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق بەش ۋىلايەت، ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە يەكەن ناھىيەلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى ئىئانە مۇراسىمغا قاتنىشىپ، ئىئانىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

مۇراسىمغا يەنە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى خېي دېكۈن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىدىن ھاجى بارات رەجەپ، نەبىل ما جۈڭپىڭ، ئامۇر جاڭ گۇاڭلىن، ئىمادىددىن ۋېي جيەن ۋە بىر قىسىم خىزمەتچىلەر قاتناشتى. (ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)





2015-يىلى 7-ئاينىڭ 30-كۈنى، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مەملىكىتىمىزدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان تۈركىيە زۇڭتۇڭى رەجەب تەييىب ئەردوغان بېيجىڭدا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلاردىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى.



2015-يىل 7-ئاينىڭ 27-كۈنى، ئىران ھەج تاۋاپ ۋە خەير-ساخاۋەت ئورگىنى ۋەكىللىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



2015-يىل 6-ئاينىڭ 10-كۈنى، جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستافا ياڭ جىبو قازاقىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن 5-نۆۋەتلىك دۇنيا ۋە ئەنئەنىۋى دىنلار داھىيلىرى يىغىنىغا قاتناشتى.




2015-يىلى 7-ئاينىڭ 3-كۈنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، جۇڭگو قىزىل كرېست فوندى جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە ماشىنا ئىئانە قىلىش مۇراسىمى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.




2015-يىل 8-ئاينىڭ 3-كۈنى، 2015-يىللىق ھەج تاۋاپ يېتەكچى خادىملىرى ۋە يېتەكچى دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى يىنچۈەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.



2015-يىل 8-ئاينىڭ 4-كۈنى، مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمى تەشكىللىگەن 44-قېتىملىق شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.




2015-يىل 7-ئاينىڭ 18-كۈنى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى 2015-يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش ۋە ئۇنۋان تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى رامىزان، يۇنۇس، ئوسمان تارتقان)

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم! ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مەركەزدىكى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قارمىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن پايتەخت بېيجىڭدا نەشر قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك، ئۇنىۋېرسال ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيەت ژۇرنىلى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ژۇرنالنىڭ تارقىتىلىشىغا ئاكتىپ مەدەت بېرىشى، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ مەملىكىتىمىزدە نەشر قىلىنىۋاتقان بۇ بىردىنبىر ئىسلام ژۇرنىلىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ قىزغىن مۇشتەرى بولۇشى، تەھرىر بۆلۈمىدىكى خادىملارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ژۇرنالنىڭ سۈپىتى بارغانچە ياخشىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى تىرىاژى يىلدىن-يىلغا ئېشىۋاتىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ 2016-يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى 9-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن تارتىپ باشلىنىدۇ. پەسىلدە بىر چىقىدىغان بۇ ژۇرنالنىڭ 2016-يىللىق تاق باھاسى 5.00 يۈەن، يىللىق باھاسى 20 يۈەن، ژۇرنىلىمىز ئىلگىرىكىدەكلا يەنە يەرلىك پوچتىخانا، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىدە تەسىس قىلىنغان شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى، ھاۋالە قىلىنغان قانۇنلۇق سېتىش ئورۇنلىرى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ. ژۇرنالنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 167 — 58؛ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720.

مۇسۇلمانلارنىڭ، مەسچىتلەرنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە-تەشكىلات، مائارىپ-مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ژۇرنىلىمىز سۈپىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن مۇۋاپىق تەكلىپ-پىكىرلەرنى داۋاملىق بېرىپ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ژۇرنىلىمىزغا پائال مۇشتەرى بولۇشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى


ISSN 1007-5836

公开发行

《中国穆斯林》（维吾尔文版）
国际标准刊号：ISSN1007—5836
国内统一刊号：CN11—1346/B
国内邮发代号：（新）58—167
国外发行代号：Q1720
定价：5.00元

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە)
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:
ئاشكارا تارقىتىلىدۇ باھاسى: 5.00 يۈەن